ئابدۇللا تالىپ

# ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار

1

AltunOq

# ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار

( 1949 - يىلغا قەدەر )

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركىلار

ئاپتورى: ئابدۇللا تالىپ
مەسئۇل مۇھەررىرى: مامۇت سابىت
مەسئۇل كوررېكتورى: پاتەم ئابدۇرېھىم

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھەر ئازادلىق كوچا № 306)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 5 قىستۇرما ۋارىقى: 3
1986 - يىل 12 - ئاي 1 - نەشرى
1987 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M11098·206
تىرازى: 5·300 —— 1
باھاسى: 0.60 يۈەن



پېشقەدەم مائارىپچى ئابدۇللا تالىپ

# نەشرىياتتىن

نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ ئەسەر ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدا مائارىپ تارىخشۇناسلىقى ھەققىدە يېزىلغان تۇنجى تەتقىقات مېۋىسى. ئەسەرنىڭ ئاپتورى مائارىپ ساھەسىدە ئوقۇتقۇچى، مەكتەپ مۇدىرى ۋە مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتچىسى قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن يېرىم ئەسىرگە يېقىن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئېلىمىزنىڭ مائارىپ تارىخى، چەت ئەللەرنىڭ مائارىپ تارىخى ۋە سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىقنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەن. جۈملىدىن ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەرنى ئۆگىنىشكىمۇ خېلى كۈچ سەرپ قىلغان. ئاپتورنىڭ ئاشۇ ئىزدىنىشلىرى ئاساسىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ «مائارىپ پسىخولوگىيىسىنىڭ تەرەققىيات تارىخى»، «سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق توغرىسىدا»، «دارىلمۇئەللىمىن مائارىپىنىڭ ھازىرقى زامان مائارىپىدىكى رولى»، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ 100 يىللىق تارىخى»، «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى توغرىسىدا مۇقەددىمە» سەرلەۋھىلىك بىر قاتار ئىلمىي ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. بولۇپمۇ ئاپتورنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخى توغرىسىدا مۇقەددىمە» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە - ئىجتىمائىي پەنلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 1 - دەرىجىلىك باھالانغان. قولىڭىزدىكى «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار» ناملىق بۇ ئەسەر ئاشۇ مۇقەددىمىنىڭ قايتا ئىشلىنىپ تولۇقلانغان نۇسخىسى.

ئاپتور بۇ ئەسەردە سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق پرىن-

سىپلىرى بويىچە ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىنى تارىخىي دەۋر باس-
قۇچلىرى ئاساسىدا ئىخچام بايان قىلغان ھەمدە كېلەچەكشۇناسلىق
ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بويىچە مائارىپنى ئۈچكە (زامانىۋىلىشىشقا،
دۇنياغا ۋە كەلگۈسىگە) يۈزلەندۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنىمۇ ئىلمىي
پاكىتلار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇڭا بۇ ئەسەرنىڭ يالغۇز
مائارىپ تارىخى بىلەن تونۇشۇش قىممىتى بولۇپلا قالماي، شۇن-
داقلا ئۇ رېئاللىق قىممىتىگىمۇ ئىگە.

لېكىن، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر مائارىپ تارىخشۇناسلىقىدا تې-
خى تۇنجى مېۋە بولغىنى ئۈچۈن بەزى نۇقسان ۋە خاتالىقلار-
دىن خالىي بولالماسلىقى مۇقەررەر. كەڭ كىتابخانلىرىمىزنىڭ
تەنقىدىي تۈزىتىش بېرىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ...................................... 1

I باب مۇئەللىم ۋە مەكتەپنىڭ پەيدا بولۇشى ...... 1

II باب ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي مائارىپ ........... 8

III باب ئۇيغۇرلاردا يېزىق ۋە ئىدىقۇت مائارىپى ... 16

IV باب بۇددىزم دەۋرىدە ئۇيغۇر مائارىپى ........... 28

1. ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس كوماراجىۋا .............................. 28

2. مائارىپچى ئالىم پورتىدىن ................. 30

3. ئاتاقلىق رەسسام ۋايساباجىنا ۋە ۋايسا ئىراسانگا .......................... 31

4. چوڭ ئالىم ۋە ئوقۇتقۇچى پىرخۇيلان...... 32

5. مائارىپچى ۋە تىلشۇناس سىڭقۇ سەلى ...... 33

V باب ئوتتۇرا ئەسىردە قەشقەر مەركەز قىلىنغان ئۇيغۇر مائارىپى .............................. 36

1. ئېنسىكلوپېدىست ئالىم — ئەبۇنەسىر فارابى ................................. 41

2. ئاتاقلىق ئالىم ۋە تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرى ............................. 47

3. ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى ........................... 51

4. ئەدىب ئەھمەتنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى ... 60

VI باب چاغاتاي دەۋرىدە ئۇيغۇر مائارىپى ........ 62

VII باب سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مائارىپى... 72
VIII باب «چىراغسىز جاھالەت ئەسىرى» دە تۇنجۇقتۇ-
رۇۋېتىلگەن مائارىپ ..................... 77
IX باب يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ باشلىنىش تارىخى 80
X باب مىللىي بىرلىك سەپ دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ما-
ئارىپى ................................. 121
XI باب سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق ............. 140

# كىرىش سۆز

ئىلىم - پەن تارىخچىلىرى 20 - ئەسىرنى «ئىلىم - پەن پارتلىغان دەۋر» دەپ ھۆكۈم قىلىشماقتا.

مائارىپنىڭ گۈللىنىشى ئارقىسىدا، ھازىر دۇنيادا يىلىغا 650 مىڭ خىل كىتاب يېزىلىپ، مىنۇتىغا بىر خىل كىتاب نەشر قىلىنماقتا، كۈنىگە 900 خىل كەشپىيات بارلىققا كەلمەكتە، ھەر كۈنى 1500 خىل ئىلمىي دىسسېرتاتسىيە ئېلان قىلىنماقتا. يالغۇز خىمىيە پەنلىرى بويىچە يىلىغا 400 مىڭ خىل ئەسەر يېزىلىۋاتىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيا بويىچە ھەر يىلى ئېلان قىلىنىۋاتقان ئىلمىي دىسسېرتاتسىيە 5 مىليوندىن، ئىختىرا، كەشپىياتلار 350 مىڭدىن ئاشماقتا.

پەن - تېخنىكا ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۈچ چوڭ ئىنقىلاب (پار قۇۋۋىتى، ئېلېكتر قۇۋۋىتى، ھېسابلاش ماشىنىسى) نىڭ ھەممىسى مائارىپ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئالىملار: «ھازىرقى زامان دەۋرىنىڭ ئاچقۇچى — مائارىپ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە.

ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ پەرىزىچە، باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىلىك ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 43%؛ ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىلىك ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 108%؛ ئالىي مەكتەپ سەۋىيىلىك ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 300% بولىدىكەن. بۇ پاكىتتىن مائارىپنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا نەقەدەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم.

ئېلىمىزدە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار كۆرەش نىشانىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن كېيىن، مەدەنىي - مائارىپ ئىشلىرىمىز كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىشكە قاراپ ئىلگىرى-

لىمەكتە، جۇملىدىن ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپىمۇ ئىنتايىن تېز راۋاجلانماقتا. بۇ تەرەققىياتنى بىز مائارىپ تارىخشۇناسلىقى ۋە سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق پرىنسىپلىرى ئاساسىدا تەتقىق قىلىپ كۆرسەك تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىغا ئائىت ھازىرغىچە ھېچقانداق سىستېمىلىق ماتېرىيالغا ئىگە بولمىغىنىمىز ئۈچۈن، دەسلەپكى ئىزدىنىش مېۋىسى ئورنىدا مۇشۇ قىسقىچە تارىخ يېزىلدى. بۇ ئۇيغۇر مائارىپى تارىخشۇناسلىقى ۋە مائارىپ سېلىشتۇرماشۇناسلىقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مائارىپچىلىرىمىز ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئىلمىي ئىزدىنىشىگە ئاز - تولا ئىلھام بەرگۈسى، دەپ ئىشىنىمىز.



AltunOq

# I باب مۇئەللىم ۋە مەكتەپنىڭ پەيدا بولۇشى

«ئىنسانىيەت ئەۋلادىنى تەربىيىلەش — ئومۇمىي ۋە مەڭگۈلۈك كاتېگورىيە» (ۋ. ئى. لېنىن) بولغىنى ئۈچۈن، تەلىم-تەربىيە تارىخى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىنلا باشلانغان. بۇ «ئىپتىدائىي مائارىپ» باسقۇچىدا ئاتا - ئانىلار ئۆز پەرزەنتلىرىگە، تەجرىبىلىك ئۇستىلار شاگىرتلىرىغا، پېشقەدەملەر كىچىكلەرگە مۇئەللىم ئىدى. ئۆگىتىلىدىغان دەرس تۈرلىرى بولسا قورال-سايمانلارنى ياساش ئۇسۇلى، ئوتياش يىغىش، ئۆي قۇشلىرىنى ئۆگىتىش ئۇسۇلى، يىرتقۇچلاردىن قوغدىنىش ماھارەتلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئەمگەك ئەمەلىيىتىدە يۈرگۈزۈلەتتى، كەڭ ئورمانلىق ۋە داللار دەرسخانا ئىدى.

كېيىنرەك، ئىشلەپچىقىرىش پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ، مەھسۇلات ئېشىنىدىغان بولدى. ئەمگەك تەقسىماتى بارلىققا كەلدى، كەسىپ تۈرلىرى ئايرىلىپ چىقتى. بۇنىڭ ئارقىسىدا قۇلدارلىق تۈزۈم، دۆلەت ۋە ئۇرۇش پەيدا بولدى.

مۇشۇ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت يېزىقنىڭ ئىجاد قىلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

يېزىق (خەت) نىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئانىسى 5000 يىللار بۇرۇن قەدىمكى مىسىردا كەشپ قىلىنغان ئىرۇگلىپ (شەكىل) خېتىدۇر، شۇ چاغدا مىسىردا يەنە سامان قەغەز، كالىندار (شەمسىيە، قەمەرىيە) مۇ ئىجاد قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلارنىڭ يازما تارىخى باشلاندى.

مۇئەللىم ۋە مەكتەپ ئەنە شۇ يېزىق كەشپىياتى ئاساسىدا پەيدا بولدى. «مەكتەپ» دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىمۇ شۇنىڭ-

دىن دېرەك بېرىدۇ.

دۇنيادا تۇنجى مەكتەپ قەدىمكى مىسىرنىڭ تىبېس (thebes) دېگەن يېرىدە قۇرۇلغان. بۇ مەكتەپنىڭ نامى رامىسسۇم (Ramissum) — «ئوقۇتۇش ئورگىنى» دەپ ئاتىلاتتى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 2870 - يىلى مىسىر پىرئونى ئېسسىنىڭ ۋەزىرى پىتاخ خۇتىپ تەرىپىدىن يېزىلغان «سېبۇيەت» ۋە «ئەخلاقنامە» ناملىق كىتاب رەسمىي ئىجتىمائىي تەربىيە دەرسلىكى بولۇپ بېكىتىلگەن. دەل شۇ مەزگىللەردە بابىلۇندا پادىشاھ ئاشۇرباناپالنىڭ ئوردا كۇتۇپخانىسى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدا 25 مىڭ جىلد كىتاب ساقلانغان.

لېكىن كىتاب ۋە دەرسلىكلەرنىڭ كۆپلەپ يېزىلىشى ھەرپلىك خەت ئىجاد قىلىنغاندىن كېيىنلا مۇمكىن بولدى. قەدىمكى فىنىكىلىقلار مىلادىدىن 3000 يىللار ئىلگىرى جاھان مائارىپىنىڭ تۇنجى ئانا تىل دەرسلىكى «ئېلىپبە»① كىتابىنى تۈزۈپ چىقتى.

قەدىمكى مىسىر ۋە بابىلۇن مائارىپىنىڭ تۈرتكىسىدە، قەدىمكى يۇناندا تۇنجى پېداگوگ ئورگىنى ئېپىب (epib) قۇرۇلۇپ، مۇئەللىملەرنىڭ تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىنىدىغان بولدى.

ئىراق، بۇ چاغدىكى مۇئەللىملەر قۇلدارلارنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرى بولۇپ، «ياللانما ئەپەندى» دەپ ئاتىلاتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى كەمسىتىدىغان بۇ ئاتالغۇ كېيىنرەك مەنئى قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇئەللىملەرنى «پېداگوگ» دەپ ئاتايدىغان بولدى. Ped بالا، Gokis يېتەكچى — «پەرزەنتلەرنى يېتەكلەش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ.

---

① بۇ ئاتالغۇ فىنىكىلىقلارنىڭ «ئالپابېيت» سۆزىدىن كېلىپ چىققان. ALPA ئۆكۈز، beit ئۆي يەنى ئۆكۈز قوتىنى دېگەن سۆز. قەدىمكى فىنىكىلىقلار ئۆكۈزنى «مۇقەددەس ھايۋان» دەپ ھېسابلايتتى. چۈنكى، ئۆكۈز تىرىكچىلىكنىڭ تايانچىسى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، پەرزەنتلەرنى قانداق يېتەكلەش ئۇسۇلى توغرىسىدا دىداكتىكا ئىلمى مەيدانغا كەلدى. گرېك تىلىدا بۇ سۆز dedaktikos (مەن ئوقۇتىمەن) دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، قۇلدارلىق تۈزۈمىدە ئىجتىمائىي مائارىپ ئوقۇتقۇچىلىرى پېداگوگ، ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرى بولسا «مۇئەددىب» دەپ ئېنىق ئايرىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، قەدىمكى يۇناندا مۇئەللىملەر ئىچىدىن چوڭ پەيلاسوپلار يېتىشىپ چىقىپ، مۇئەللىملەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنى كىشىلەر Sopist («ئىلىم گۇرۇھى») دەپ ئاتاپ، بەك ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىدىغان بولدى.

ئىلىم گۇرۇھىدىكىلەر چوڭ ئالىملار ۋە مەشھۇر ناتىق (ئاراتۇر)لاردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجابىي تۈرتكىسىدە، مىلادىيىدىن بۇرۇن قەدىمكى يۇناندا ئارقا - ئارقىدىن ئاكادېمىيە① ۋە ئىنستىتۇتلار② قۇرۇلدى. مائارىپ تارىخىدا بۇ دەۋر «كلاسسىك مائارىپ دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

كلاسسىك مائارىپنىڭ ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا يەتتە خىل دەرس: گرېك - لاتىن تىلى، ناتىقلىق نەزەرىيىسى، دىئالېكتىكا، ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە ۋە مۇزىكا كىرگۈزۈلگەن. بۇ «يەتتە سەنئەت» دەپ ئاتالغان.

يۇقىرىدىكى يەتتە سەنئەت پروگراممىسى قاتارىغا كېيىنرەك يەنە تەنتەربىيە ماھارەت دەرسىمۇ قوشۇلدى. مىلادىيىدىن بۇرۇن-

① ئاكادېمىيە يۇنانلىقلارنىڭ بىر مۇئەللىمى قەھرىمانىنىڭ نامى.

② ئىنستىتۇت گرېك تىلىدا «يېرىم كۈن ئىشلەپ، يېرىم كۈن بىلىم ئېلىش» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ چاغدا بىلىم ئېلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشتۈرۈلگەنىدى. ئىنستىتۇتلار ھاۋالىق باغچىلاردا قۇرۇلغان بولۇپ، ستۇدېنتلار يېرىم كۈن ئوقۇپ، يېرىم كۈن ئەمگەك قىلاتتى.

قى 776 - يىلى قەدىمكى يۇناننىڭ ئولۇمپىيە دېگەن يېرىدە تەسىس قىلىنغان ئولىمپىك ①تەنتەربىيە ھەرىكىتى كىشىلەرنىڭ ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىشىغا زور تۈرتكە بولدى.

كلاسسىك مائارىپنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىلىرىدىن بولغان مەشھۇر ئالىملار، پەيلاسوپلار ۋە پېداگوگلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋەكىللىرى سوقرات②، پىلاتون③، پروتاگراس④، دېموكرىت⑤ قاتارلىقلار تەلىم - تەربىيىدە ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەزمۇن قىلىنغان بىر يۈرۈش سىستېمىلىق پېداگوگىكا نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ ياۋروپا كلاسسىك مائارىپىنىڭ ئەڭ داڭلىق ۋەكىلى، دۇنيادا بىرىنچى ئۇستاز دەپ شۆھرەت قازانغان ئارىستوتېل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 384 — 322 - يىللار) مىلادىدىن بۇرۇنقى 335 - يىلى ئافىنادا «روكيان» ناملىق مەشھۇر

---

① ئولىمپىك تەنتەربىيە ھەرىكىتى — يۈگۈرۈش، دېسكا ئېتىش، ئات بەيگىسى، چېلىشىش، رەسساملىق، شېئىر، دراما، ئوپېرا، مۇزىكا قاتارلىق مۇسابىقە تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

②سوقرات (مىلادىدىن بۇرۇنقى 469 — 399 - يىللار) «بىلىم ۋە ئەختىساس — ئىنساننىڭ ئەڭ يۈكسەك گۈزەل پەزىلىتى» دېگەن.

③پىلاتون (مىلادىدىن بۇرۇنقى 427 — 347 - يىللار) ئۆمۈر بويى ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 387 - يىلى ئافىنادا ئاكادېمىيە تەسىس قىلغان، «غايىۋى دۆلەت»، «بىلىم توغرىسىدا» قاتارلىق كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان.

④ پروتاگراس (مىلادىدىن بۇرۇنقى 481 — 411 - يىللار) ئاتاقلىق پېداگوگ، بىرىنچى قېتىم پېداگوگىكا مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، «تالانت بىلەن ئۆگىنىش ئوخشاش مۇھىم» دەپ تەكىتلىگەن.

⑤ دېموكرىت (مىلادىدىن بۇرۇنقى 460 — 370- يىللار) ئېنسىكلوپېدىست ئالىم. 52 خىل ئەسەر يازغان، «مائارىپ ئادەمنى ئۆزگەرتەلەيدۇ» دېگەن.

ئىنستىتۇتنى تەسىس قىلغان ۋە چوڭ ئىمپېراتور ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنى ئوقۇتقان، ئىسكەندەر بۇ مەكتەپكە 800 تاران ① ئالتۇن ھەدىيە قىلغان.

ف. ئېنگېلس ئارىستوتېلنى قەدىمكى دۇنيادا «ھەممىلا پەندىن خەۋەردار چوڭ ئالىم ئىدى»، دېگەن. دەرۋەقە ئۇ، ئىلىم-پەننىڭ ھەممىلا ساھەلىرىدە ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە ئىنتايىن نۇرغۇن ئەسەر يازغان. ئارىستوتېل سىياسىي تۈزۈم ئۈستىدە 158 خىل تەتقىقات ئېلىپ بارغان.

ئارىستوتېل ئىلىم - پەننى تۇنجى قېتىم ئۈچ چوڭ كاتېگورىيە (نەزەرىيەۋى بىلىم كاتېگورىيىسى، ئەمەلىي ئىشلىنىدىغان پەنلەر كاتېگورىيىسى، ئىجادىيەت پەننى كاتېگورىيىسى) گە ئايرىپ چىققان. ئۇ ماتېماتىكا، لوگىكا، دىئالېكتىكا، ۋە باشقا تەبىئىي پەنلەرنى نەزەرىيەۋى بىلىم كاتېگورىيىسىگە؛ ئەخلاقشۇناسلىق، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە ستراتېگىيەشۇناسلىق ئىلىملىرىنى ئەمەلىي ئىشلىنىدىغان پەنلەر كاتېگورىيىسىگە؛ شېئىر، مۇزىكا ۋە باشقا ھەممە سەنئەتنى ئىجادىيەت پەنلىرى كاتېگورىيىسىگە ئايرىغان.

ئارىستوتېل — يەنە لوگىكا ئىلمىنى كەشىپ قىلغۇچى، دىئالېكتىكا ئىلمىنىڭ ئاساسچىسى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى مائارىپ قامۇسى — ئېنسىكلوپېدىيىسىنىڭ ياراتقۇچىسى. ئارىستوتېل ئېنسىكلوپېدىيىگە ئومۇمىي (inskIo) مائارىپ (Pidiyə) دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ ئەڭ مۇكەممەل تەرىپ بەرگەن.

ئارىستوتېل ئۆز قولى بىلەن تەسىس قىلغان «روكيان» ئىنستىتۇتىدا مائارىپ (پېداگوگىكا) نىشانىسى قىلىپ تۆۋەندىكى مەشھۇر تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

«...گرائژدانلارنىڭ ھەممىسىنى مائارىپتىن ئەركىن بەھرى-

① تاران — ئەينى زاماندىكى ئالتۇن بىرلىكى.


AltunOq

مەن قىلىش زۆرۈر، مائارىپ ئۇلارنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلالىشىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك...».

بىراق، ئارىستوتېل ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە يەنىلا ئەينى زامانىدىكى قۇلدارلىق تۈزۈمىنىڭ مۇتەپەككۇرى ئىدى. ئۇ بۇ تارىخىي چەكلىمىدىن نېرىغا بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتەلمىگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدە مۇنداق دېگەن: «...قۇللار پەقەت سۆز قىلالىشىنىلا بىلمىدىغان قورالدۇر...»

※ ※ ※

ئېلىمىزنىڭ خەۋاڭخې ۋادىسى شەرق كلاسسىك مائارىپىنىڭ ئاساسىي مەركەزلىرىدىن بىرى بولۇپ، مىلادىيەدىن خېلىلا بۇرۇن ئېلىمىزدە مەشھۇر «جاگۇ» يېزىقى كەشپ قىلىنغان. بۇ يېزىق دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن كەشپ قىلىنغان يېزىقلار قاتارىغا كىرىدۇ.

«جاگۇ» يېزىقى ئەڭ قەدىمكى باسقۇچتا سۆڭەك ۋە تاشپاقا قېپىغا يېزىلاتتى. ئۇنىڭغا پال تەبىرلىرى ھەم ياخشى-يامانلىق توغرىسىدىكى قىياسلار پۈتۈلەتتى، بۇ يېزىق تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىنىشى ئارقىسىدا ھازىرقى جۇڭگو يېزىقى ۋۇجۇتقا كەلگەن.

قۇلدارلىق تۈزۈمىدىكى شەرق مائارىپىنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەكىلى كۇڭفۇزى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 551 — 479 - يىللار) بولۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىي مەكتىپىدە 3000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى تەربىيىلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن 70 تىن ئارتۇقراقى شۇ زاماننىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى ۋە پېداگوگلىرىدىن بولۇپ يېتىشىپ چىققان.

كۇڭفۇزىنىڭ زامانىدىكى پەيلاسوپ لاۋزى ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچى بولۇش بىلەن بىللە ئېلىمىزدە «مىنفۇ» ناملىق تۇنجى كۇتۇپخانىنى تەسىس قىلغان ھەم ئۆزى كۇتۇپخانا باشلىقى بولغان.

كۇڭفۇزىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان» ناملىق ئەسىرىدە ئۇ-
نىڭ مائارىپ ئىدىيىسى خېلى كەڭ شەرھلەنگەن. ئۇ «ھەم ئۆ-
گىنىش، ھەم ئويلىنىش كېرەك»، «ئۆگىنىپ زېرىكمەسلىك، ئۆ-
گىتىپ ھارماسلىق» دەپ تەكىتلىگەن.

كۇڭفۇزىنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ يادروسى «ۋاپادارلىق»
بولۇپ، ئۇ «ۋاپانىڭ شەرتى مېھرىبانلىق» دەپ تەشەببۇس قىلاتت-
ى، يەنە «ئۆزۈڭ خالىمىغاننى ئۆزگىگە تاڭما» دەپ تەكىت-
لەيتتى.

كۇڭفۇزى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىدە ئېلىمىزدە مىلادىدىن بۇ-
رۇن «مەرىپەتنامە» ناملىق پېداگوگ رىسالىسى يېزىلىپ چىقتى.
بۇ ئەسەر شەرقنىڭ كلاسسىك مائارىپ تارىخىدا چوڭ ئەھمىيەتكە
ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئەينى زامانىدىكى مائارىپ تۈزۈمى، ئوقۇ-
تۇش مەزمۇنى، مېتودىكا مەسىلىلىرى شەرھلەنگەن.

ئېلىمىزدە كېيىنرەك بىرمۇنچە يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرىمۇ
تەسىس قىلىنغان، مەسىلەن: مىلادىنىڭ 1- ئەسىرىدە (غەربىي خەن
سۇلالىسى دەۋرىدە) شۆتاڭ (学堂) مەكتىپى، مىلادىنىڭ 276 - يىلى
«گوزىشۆ» (خانلىق مەكتەپ) تەسىس قىلىنىپ، مەنسەپدارلىق
تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلغان.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە جۇڭگو مائارىپى كۆپ
دەرىجىدە گۈللەندى. دۆلەتلىك كۇتۇپخانىلار قۇرۇلدى. تېررە ۋە
لاتا - پۇرۇشلاردىن يېڭىچە قەغەز ياساش كەشىپ قىلىندى. بۇ
كەشپىيات شەرق مائارىپىنى يۈكسەلدۈرۈشتە زور تۈرتكە بولۇ-
شى بىلەن بىللە غەربنىڭ مەدەنىيەت ۋە قەغەز سانائىتىنىڭ راۋاج-
لىنىشىدىمۇ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگو شەرق مائارىپىنىڭ مەركىزى-
گە ئايلانغىنى ئۈچۈن، ياپونىيە قاتارلىق قوشنا ئەللەرنىڭ
ئوقۇغۇچىلىرى تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېلىمىزگە كېلىپ بىلىم
ئېلىپ تۇردى.

## II باب ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي مائارىپ

مىلادىيىدىن بۇرۇن ئۇيغۇرلار چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىققا تەڭلا ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى چارۋىلارغا بوغۇز، يەم-خەشەك تەييارلاش ئۈچۈن ئارپا، بۇغداي، بېدە ئۆستۈرۈش زۆرۈر ئىدى. مۇشۇ زۆرۈرىيەت سەۋەبىدىن ئىش تەقسىماتى ئېنىق ئايرىلىپ، خەلقنىڭ بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

مىلادىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپرەك قىسمى يەنىلا چارۋىچى ئىدى. چارۋىچىلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئۆگەنگەن ھايۋىنى ئات ئىدى. چۈنكى ئات ئوۋ ئوۋلاشتا، چىدىر — ئاق ئۆيلەرنى يۆتكەشتە، پادىلاردىن خەۋەر ئېلىشتا بىردىنبىر كېرەكلىك ۋە قارانچۇق ھايۋان ھېسابلىناتتى.

چارۋىلارنىڭ كۆپىيىشى ئارقىسىدا كۆچمە چارۋىچىلىق مەيدانغا كەلدى. ئاق ئۆيلەرنى كۆچۈرۈش، ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى يۆتكەش ئۈچۈن، ئات، ھارۋا، قوتاز كېرەك بولدى. ئات كۆندۈرۈش، ھارۋا ياساش مۇشۇ ئېھتىياجدىن كېلىپ چىقتى. ئات، ھارۋا جابدۇقلىرىنى ياساش ئۈچۈن ھۈنەر-سەنئەت كەسپى بارلىققا كەلدى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئۆگىتىش بىلەن ئۆگىنىش، ئۇستا بىلەن شاگىرت مەيدانغا كەلدى. مانا بۇ ئۇيغۇرلاردا ئىپتىدائىي مائارىپنىڭ بىخى ئىدى.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ئۇيغۇرلار شامان دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. شامان، پېرىخۇن ۋە پالچىلار بۇ دىنىنىڭ مۇتەپەككۇرى (موللىسى) ئىدى. شامان دىنىنىڭ ئايال خۇداسىنى ئۇيغۇرلار «ئۇماي» دەپ ئاتايتتى. ئۇماي بولسا كېسەلدىن، دېۋە-شاياتۇنلاردىن ساقلىنىشنىڭ روھىي مەدەتكارى ئىدى. باخشى بولسا

شامان دىنىنىڭ يەنە بىر روھىي مەدەتكارى ئىدى. كېسەل بولغان كىشىلەر باخشى-پېرىخونلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئازايىم ئوقۇتاتتى. ئۆي ئىچىدە ياكى قورۇ ئوتتۇرىسىغا ياغاچ موما قاداپ پېرى ئويناتاتتى، كېسەلنى قىزىتىلغان تۆمۈردىن ئاتلاتقۇزاتتى، گۈلخان يېقىپ، ئىسرىق سالاتتى، ئوت-سوقتىن ۋە «چەتنەك» تىن ساقلاش ئۈچۈن بويىنىغا تۇمار ئېسىپ قوياتتى.

لېكىن، كېيىنرەك پەندى-نەسىھەتنى ئاساس قىلىپ ئەخلاقىي تەربىيە يۈرگۈزىدىغان تەبىرچى مۇئەللىملەر مەيدانغا كەلدى. ئۇلار كىشىلەرنى ياخشىلىققا ئۈندەيتتى. يامان ھەرىكەتلەرنى توسۇيتتى. تەبىرچى مۇئەللىملەرنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى پالغا تەبىر بېرىش يولى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. مەسىلەن: چۈشىدە قارا كۆرسە، ئامىتى كېلىدۇ؛ چۈشىدە ۋاغرىق ئات مىنسە پالاكەت باسىدۇ؛ قوي پادىسى كۆرسە باي بولىدۇ؛ يامغۇر يېغىپ چۈش كۆرسە، بايا-شاتلىق بولىدۇ؛ نان دەسسەپ چۈش كۆرسە، كۆزى كور بولىدۇ؛ ئېقىن سۇغا سىيىپ چۈش كۆرسە، جاراھەت باسىدۇ، دېگەنلەرگە ئوخشاش. ئەخلاقىي پەندى - نەسىھەت قورالى قىلىنغان بۇنداق تەربىيە ئۇسۇلى «تەبىرنامە» (ئېرىق پۈتۈك) ناملىق كىتابتا تېخىمۇ روشەن خۇلاسە قىلىنغان.

«ئېرىق پۈتۈك» تىن بىر-ئىككى مىسال:

ئېيىق بىلەن تۆڭگۈز داۋان ئۈستىدە سوقۇشۇپتۇ، ئېيىقنىڭ قارنى يېرىلىپتۇ، تۆڭگۈزنىڭ چىشلىرى سۇنۇپتۇ. بىلگىنكى بۇ يامانلىقتۇر.

ئوغلان ئاتا-ئانىسىغا قېيىداپ، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىپتۇ، چۆلدە غېرىب بولۇپ قاپتۇ، كېيىن پۇشايمان يەپ قايتىپ كېلىپتۇ. بىلگىنكى بۇ ئەزگۈ (ياخشىلىق) دۇر.

بۇ ئىككى مىسالدا چوڭقۇر پەيداگوگىكىلىق مەزمۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا تەلىم-تەربىيە مەقسىتى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ.

شامانىزم ئېتىقادىنىڭ تەربىيە ئۇسۇلى قارىماققا ئىنتايىن ساددا ۋە كۈلكىلىك كۆرۈنگەندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا يەنىلا يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ياخشىلىق بىلەن يامانلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت كۈرىشىنىڭ ئامىللىرى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. شۇڭا كۆپ ئەسىرلەر، نۇرغۇن دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىگە قارىماي، شامانىزم ئېتىقادى ۋە پالچىلىق ئادەتلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە داۋام قىلىپ كېلىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. مەسىلەن: ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئىسرىق سېلىش، نوكچا كۆيدۈرۈش، قەبرە بېشىغا چىراغ يېقىش، كېلىننى گۈلخان ئۈستىدىن ئاتلاتقۇزۇش، كۈن تۇتۇلغاندا يىغا-زار قىلىش... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ ئېتىقادنىڭ قالدۇقلىرى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئېتىقادلىرى باشقا قەبىلە خەلقلىرىدىكىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ھەقتە رىم تارىخچىسى مىناند مۇنداق يازىدۇ: «زىمارك① يۇلتۇزدا ئىستەمى② تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغاندا، ئىستەمى قاغان ئالتۇن تەختتە ئولتۇرىدىكەن. ئالتۇن تەخت چاقىغا قىزىل تاسما بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇنى ئاتقا سۆرىتىپ، باشقا چېدىرلارغىمۇ ئېلىپ بارغىلى بولىدىكەن. چېدىر-بارگاھ ھەر خىل يىپەك پەردىلەر بىلەن بېزەلگەن. بۇ پەردىلەرنىڭ ئۈستىگە قوراللىق جەڭچى، بۆرە، يولۋاس، شىرلارنىڭ سۈرەتلىرى كەشتىلەنگەن. قاغاننىڭ ئالتۇن كارىۋىتى، ئالتۇن ئورۇندۇقى بولۇپ، تۇرنا ۋە تۇز قۇشلىرى سۈرىتىدە ياسالغان ئالتۇن ھەيكەل ئۈستىگە قويۇلغان. زىمارك چېدىر-بارگاھ ئالدىغا بارغاندا، بىر تۈركۈم ئادەملەر چىراغ يورۇتۇپ ۋە ئىس پۇرىتىپ ئەلچىلەرنىڭ يۈك-تاقلىرى ئەتراپىدا توختىماي

① زىمارك — رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەلچىسى، مىلادىنىڭ 561 - يىلى يۇلتۇزغا ئەلچىلىككە كەلگەن.

② ئىستەمى — (530 — 581 - يىللار) غەربىي تۈركلەر سەركەردىسى.



Altun0q

يۇگۇرۇپ يۈرگەن. ئاندىن ئەلچىلەرنى تاغ ئارىسىدىكى چىمەنلىك ئوتتۇرىسىغا يېقىلغان گۇلخان ئۈستىدىن ئاتلاتقۇزۇپ، ئارقىدىن چېدىر - بارگاھقا باشلاپ كىرگەن».

يورۇقلۇق سىمۋول قىلىنغان شامان ئېتىقادى ئاساسىدا مىلادىنىڭ 763 - يىلى شەرقىي ئۇيغۇرلار ئومۇميۈزلۈك مانى ئېتىقادىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ مائارىپ ئىدېئولوگىيىسىدە يېڭى بۇرۇلۇش پەيدا بولدى.

مانى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 215 — 274 - يىللار) ئىرانلىق بولۇپ، ئەينى زاماندا داڭلىق ۋائىز، شائىر ۋە ئاتاقلىق دوختۇر ئىدى. ئۇ مىلادىنىڭ 241 - يىلى يەنى 26 يېشىدىن باشلاپ، ئۆزىنىڭ دىنىي مەسلىكىنى تەرغىب قىلىشقا باشلىغان. ئۇ: «پۈتۈن ھاياتلىق كۈرىشى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش. نەپسىنى تىزگىنلىيەلىگەن ئادەم ياماnlıqتىن ساقىت بولالايدۇ. بولمىسا ئۆزىمۇ، ماددىي دۇنيامۇ ھالاك بولىدۇ» دېگەن. مانا بۇ — مانى دىنىنىڭ يادروسى.

مانى دىنىنىڭ تەرغىباتچىسى پۇرۇستادان 696 - يىلى جۇڭگوغا كېلىپ مانى دىنىنى تەشۋىق قىلدى. نەتىجىدە مانى دىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يىلتىز تارتتى.

مىلادىنىڭ 755 - ۋە 762 - يىللىرى، تاڭ پادىشاھى شۈەنزۇڭ (685 — 762) نىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆڭلۈك (ئەنلۇشەن) ئىسيانىنى باستۇرۇشقا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغان ئۇيغۇر گېنېرالى مويۇنچۇر بۆكەخان قايتىشىدا لوياڭ شەھىرىدىن ئىرانلىق تۆت راھىبنى ئېلىپ ئۇرخۇنغا كېلىدۇ. بۇ تۆت مانى راھىبى ئۆزىنىڭ بىلىم ئىقتىدارى ۋە دوختۇرلۇق تەجرىبىسى ئارقىلىق ئۇرخۇندىكى شامان باخشىلىرىنى مۇنازىرىدە يېڭىۋالىدۇ. نەتىجىدە مانىزمنىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئابرويى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. شەرقىي ئۇيغۇرلار مانى ئېتىقادىنى ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىدۇ ۋە بۇ دىن دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلىنىدۇ. مانى دىنى

مەكتەپلىرىمۇ كۆپلەپ ئېچىلىدۇ. مويۇنچۇر ھەر ئون ئۆيلۈككە بىر راھىب (خەلپەت) بەلگىلەپ، ئۇيغۇرلارنى ئوقۇتىدۇ، ئوقۇتۇش مەزمۇنى پۈتۈنلەي مانى ئەقىدىلىرى بولىدۇ.

مانىزم ئەقىدىسى بويىچە شەرقىي ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ يورۇقلۇقنى سىمۋول قىلىپ، ئاق كىيىم كىيىدىغان، تام - تورۇسلىرىنى ئاقارتىدىغان، چېدىرلىرىنى ئــاق كىگىزدىن ياسايدىغان بولدى. ھەتتا پۈتۈن ئەسكەرلەرمۇ ئاق كىيىم كىيەتتى①.

768 - يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ مانى راھىبلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆپلەپ بېرىپ، مانىزمنى تەرغىب قىلدى. ئىككى ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەت تېخىمۇ قويۇقلاشتى.

مانىزم تەشۋىقاتى كۈچەيگەن ئاشۇ يىللاردا مانى راھىبلىرىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئۇرخۇن ۋادىسىغا كۆپلەپ كېلىپ - كېتىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قول ھۈنەرۋەنلەر، بىناكارلىق ئۇستىلىرى ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيتتى. ئۇلار ئۇيغۇر بىناكارلىق ماھىرلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇرخۇن شەھەر قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، مەشھۇر قاغان ئوردىسى، خاتۇن ئوردىسى قاتارلىق سارايلارنى بىنا قىلغان. شۇ چاغلاردا يەنە نۇرغۇن مانى ئىبادەتخانىلىرى، ئىبادەتخانا مەكتەپلىرىمۇ قۇرۇلۇپ، بۇ يەردە مانى مائارىپى يىلتىز تارتقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي مائارىپى ۋە دۇنيا قارىشىدا مۇشۇ مەزگىللەردە گەرچە مانى مائارىپ ئىدىيىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئىدىيولوگىيىسىدە توتېمىزم ئەقىدىسى يەنىلا كۈچلۈك تەسىرگە ئىگە ئىدى.

توتېم (*Totim*) ھىندىئانچە «ئۇنىڭ ئۇرۇقىدىن» دېگەن

---

①شائىر دۇفۇ: «چاڭئەن، لوياڭ شەھەر - دالالىرىنى ئاق كىيىملىك چېرىكلەر قاپلاپ كەتكەن» دەپ يازغانىدى.

ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ھەرقايسى قەبىلە ۋە ئۇرۇقلارنىڭ كۈچلۈك ئېتىقاد سىماسىغا ئايلانغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار بۆرىنى، خەنزۇلار ئەجدىھانى، رۇسلار ئېيىقنى، بابىلونلۇقلار ۋە ھىندىئانلار كالىنى «مۇقەد-دەس» دەپ چوقۇنۇپ، ئۆزلىرىگە توتېم قىلىۋالغان.

توتېم ئەقىدىسى ئىپتىدائىي ئىدېئولوگىيە بولۇش بىلەن بىللە، ئۇنىڭدا ئىپتىدائىي تەلىم-تەربىيە ئامىللىرى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە «ئا-نا» نى ئەڭ مۇقەددەس دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ فامىلىسىنى «ئاسىنا قۇلى» دەپ ئاتايتتى. بۇ «ئانا ئۇرۇقىدىنمەن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئەقىدە خەنزۇ خەلقىدىمۇ قويۇق يىلتىز تارتقان. مەسىلەن، فامىلە (姓) دېگەن سۆزمۇ «ئانا ئۇرۇقى-دىن» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدۇ. بەزى مىللەتلەرنىڭ كالىنى توتېم قىلىشى، كالىنىڭ پايدىلىق ھايۋان بولغانلىقىدىن، ئۇنىڭ سۈتى، گۆشى، تېرىسى بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۈچى ھاياتلىق-نىڭ مەنبەسى بولغانلىقىدىن بولغان. شۇڭا ئۇ، مۇقەددەس ھاي-ۋان دەپ قارىلىپ، ئەتىۋارلىنىپ، ئاسرىلىپ بېقىلاتتى ۋە كۆپەي-تىلەتتى. بۆرە باشقا بىر سەۋەب بىلەن توتېم بولۇپ قالغاندى. مەسىلەن، قەدىمكى زاماندا توققۇز ئوغۇز قەبىلىرىنىڭ بىرلەشمە كۆ-چى ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدا ئادىشىپ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ قال-غاندا، بىر كۆك بۆرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن قامالدىن قۇتۇ-لۇپ نىجاتلىق تاپقانلىقىدەك تارىخىي رىۋايەت ئۇلارنىڭ بۆرى-نى توتېم قىلىۋېلىشىغا سەۋەب بولغان.

دېمەك، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي مائارىپ ئىدىيىسىگە — ياخ-شىلىق ۋە نىجاتلىقنىڭ توتېمى بولغان بۆرە رىۋايىتى، جىن-ئالۋاستىلارغا قارشى كۈرەش قورالى قىلىنغان شامان ئېتىقادىنىڭ سىماسى — ئوت ھەمدە قاراڭغۇلۇق ۋە زۇلمەتكە قارشى كۈرەش قورالى قىلىنغان مانىزم سىماسى — يورۇقلۇق قاتارلىق ئېتى-

قادلار چوڭقۇر سىڭگەن.

ئىپتىدائىي مائارىپ باسقۇچىدا ئۇيغۇرلارنىڭ زامان، ماكان، بوشلۇق ۋە تەبىئەت توغرىسىدىكى بىلىمى خېلى دەرىجىدە كېڭەيگەنىدى. ئۇيغۇرلار «سارت» نامى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يىپەك يولى سودىسىنى ئىلكىگە ئېلىپ، چارۋا، دورا-دەرمەك ۋە ھەتتا قاشتېشى سودىسى يۈرگۈزەتتى. ئۇلارنىڭ سودا كارۋانلىرى چاڭئەن ۋە سوغدى شەھەرلىرىدە سودا ۋەكالەتخانىسى ئاچقان. ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ، شەرقتە بوخەي دېڭىزىدىن غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدىكى تاغ-دەريالارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى تولۇق بىلەتتى. ئۇيغۇرلار باشقا خەلقلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تېز قوبۇل قىلاتتى. بۇددىزمنىڭ «قەندىھار سەنئىتى» شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى يۇغۇرۇپ قوشقىنىغا ئوخشاش، ئۇرخۇندىكى بىناكارلىق سەنئىتىدىمۇ تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ (خەنزۇ، سوغدى، ئۇيغۇر) بىلىم — ھۈنەر-ماھارىتى ئەكس ئەتكەن.

ئۇرخۇن مائارىپى تۈرتكىسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ بىلىمىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. تارىخىي بىلىمنىڭ ئالدىنقى شەرتلىرىدىن بىرى كالىندار ئىشلىتىش بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا «12 مۆچەل كالىندار»نى بىرىنچى بولۇپ تۈزگەن ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرگە كېڭەيتكەن. مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس فون. گابائىن: «ئۇيغۇرلار كالىندار سىستېمىسى توغرىسىدا كۆپ ئىزدەنگەن ۋە ئۇنى ئىختىرا قىلغان» دەپ ئىسپاتلايدۇ.

كالىندار توغرىسىدىكى بىر تارىخىي ھېكايە ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئەدەبىياتىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا رىۋايەت بولۇپ كەلمەكتە:

«...خاقانلارنىڭ بىرى ئۆزىدىن بۇرۇن سادىر بولغان بىر جەڭنىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلىمەك بولۇپ، كالىندار ۋاقتىنى توغرا چەنلىيەلمەي ئۇرغۇن قېتىم ئادىشىپ قاپتۇ. كېيىن خەلق ئىچىدىن دەرىجەتلىك كىشىلەرنى توپلاپ مەسلىھەت سوراپتۇ. ئارىدىن

بىر دانىشمەن پىكىر بېرىپ، بۇ ئىشتا بۇنىڭدىن كېيىن ئەۋلادلىرىمىزنىڭمۇ خاتالىشىپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن 12 ئاي ۋە 12 بۇرجقا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ھەر بىر يىلغا ئىسىم بەلگىلەيلى، تارىخ شۇ ئىسىملار رەتى بويىچە ھېسابلانسۇن. بىزدىن بۇ ھېسابلاش ئۇسۇلى مەڭگۈ يادىكار بولۇپ قالسۇن، دەپتۇ. خاقان ماقۇل بوپتۇ - دە، بىر كۈنى ئوۋغا چىقىپ، دالىدىكى نۇرغۇن ھايۋانلارنى ئالدىغا سېلىپ دەريا لېۋىگە ھەيدەپتۇ. ئۇلاردىن 12 ھايۋان دەريادىن ئۈزۈپ ئۆتۈپتۇ. ھەممىسىنىڭ ئالدىدا ئۆتۈپ كەتكىنى چاشقان بوپتۇ. «يىلنىڭ بېشىغا چاشقان چىقتى» دېگەن تەمسىلدىكىدەك، دەسلەپكى يىل چاشقاننىڭ نامىدا ئاتىلىپتۇ. چاشقاندىن كېيىن ئۇي (كالا)، يولۋاس، توشقان، لەھەڭ، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت ۋە توڭگۇز رېتىمى بويىچە يىللارنىڭ كالىندار ئىسمىلىكى تۈزۈلۈپتۇ...»

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي مائارىپ تەربىيىسىدە بولۇپمۇ فولكلور ۋاسىتىلىرى (قوشاق، تەمسىل، رىۋايەت) خېلى مۇھىم دىداكتىك رولىنى ئوينىغان. ئۇنىڭدا ئەمگەك سۆيۈش، قەھرىمانلىق، ياخشىلىققا دالالەت، يامانلىققا نەپرەت بىلدۈرۈش ماھىيەتلىرى ئوبرازلىق بايان قىلىنىدۇ. «بۆكەخان ھەققىدىكى رىۋايەت» ھەم «ناخشا پىرى — چەڭگى» قاتارلىق رىۋايەتلەر ئۇيغۇرلار ئىچىدە قەدىمدىن تارتىپ دىداكتىك (تەلىم - تەربىيە، پەندى - نەسىھەت) دەرسلىكى بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىنقىسى بۆكەخان توغرىسىدىكى تارىخىي رېئاللىقنى رىۋايەت شەكلىدە چۈشەندۈرىدۇ؛ كېيىنكىسى بولسا ئېستېتىكىنىڭ كۈچىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ...

# III باب ئۇيغۇرلاردا يېزىق ۋە ئىدىقۇت مائارىپى

يېزىق — مەدەنىيەتنىڭ بىردىنبىر سىمۋولى، مائارىپنىڭ ئاساسىي قورالى.

ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا ئاسىيادا يېزىق تارىخى خېلى ئۇزۇن مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر يېزىقى يۇنانلىق ئاكا - ئۇكا كېلىر ۋە مېتودىلار① ئىجاد قىلغان سلاۋيان يېزىقىدىن كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن مەيدانغا كەلگەن.








مىلادىنىڭ 5 - ئەسىرىگىچە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسىي يېزىقى يېنسەي (رونىك) ئېلىپبەسى ئىدى (1 - جەدۋەلگە قاراڭ)، ئۇنىڭدىن كېيىن بولسا ئۇرخۇن ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ئىشلىتىلگەن (2 - جەدۋەلگە قاراڭ).


قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نۇرغۇن قوشاق، مۇزىكا تېكىستلىرى، پېداگوگىكىلىق رىسالىلەر، مەڭگۈ تاشلار ۋە ئىلمىي ئەسەرلەر يېزىلغان. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىپ، ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىنىڭ يىراق ئۆتمۈشىنى يورۇتۇپ بەرمەكتە. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى قوشنا مىللەتلەردىن موڭغۇللار، مانجۇلار، قىتان (كىدان) لار ۋە نايمانلارنىڭمۇ يېزىق ئىجادىيىتىگە ئاساس سالغانىدى.

---

① ئاكا - ئۇكا كېلىر (Kelir 825 — 869) ۋە مېتودى (Metudi 827 — 885) مىلادىنىڭ 855 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى بۇلغارىيىدە تۇنجى رۇس - سلاۋيان يېزىقىنى كەشىپ قىلىپ بەرگەن. سلاۋيانلار بۇ كۈننى ھەر يىلى خاتىرىلەپ تۇرىدۇ.


# ئورخون - يېنسەي (تۈرك - رونك) يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى

| № | ھەرپلەر | ئوقۇلۇشى | № | ھەرپلەر | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 |  | ئا ، ئې | 10 |  | د² |
| 2 |  | ئە ، ئى | 11 |  | ق (قاتتىق) |
| 3 |  | ئو(o)، ئۇ(u) | 12 |  | ق (ئەبىلەن) |
| 4 |  | ئۆ(ө)، ئۈ(ü) | 13 |  | ق (ئو، ئۇبىلەن) |
| 5 |  | ب¹ | 14 |  | ك (يۇمشاق) |
| 6 |  | ب² | 15 |  | ك (ئو، ئۇبىلەن) |
| 7 |  | س¹ | 16 |  | غ (قاتتىق) |
| 8 |  | س² | 17 |  | گ |
| 9 |  | د¹ | 18 |  | ت¹ |




| No. | Reading | No. | Reading |
|---|---|---|---|
| 19 | ت² | 30 | ڭ |
| 20 | ي¹ | 31 | م |
| 21 | ي² | 32 | چ |
| 22 | ن¹ | 33 | ئچ |
| 23 | ن² | 34 | ش |
| 24 | ر¹ | 35 | ز |
| 25 | ر² | 36 | لت |
| 26 | ل¹ | 37 | نت |
| 27 | ل² | 38 | نەت |
| 28 | دىيال تاۋۇشى | 39 | رت |
| 29 | پ | 40 | ئايرىش بەلگىسى |

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى



| رەتى | باش شەكلى | ئوتتۇرا شەكلى | ئاياغ شەكلى | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | | | | ئا |
| 2 | | | | ئى |
| 3 | | | | ئە — ئې |
| 4 | | | | ئو(o) ئۇ(u) |
| 5 | | | | ئۆ(ө) ئۈ(ü) |
| 6 | | | | ب ، پ |
| 7 | | | | ۋ |
| 8 | | | | غ |
| 9 | | | | ق |
| 10 | | | | خ |



| | |
|---|---|
| 11 | ك ، گ |
| 12 | ت ، د |
| 13 | ژ |
| 14 | ز |
| 15 | ي |
| 16 | ل |
| 17 | م |
| 18 | ن |
| 19 | ر |
| 20 | س |
| 21 | ش |
| 22 | چ |



AltunOq

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي - مائارىپ ھاياتىدا مۇزىكا، ناخشا ۋە تۈرلۈك ئېستېتىك ئىقتىدار ئاساسىي تەلىم - تەربىيە ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىدى. بۇنىڭدىن 1500 يىل بۇرۇن ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى ۋە كۈيچىسى قوغۇسۇر ئالتۇن (507 — 687 - يىللار) ئىجاد قىلغان داڭلىق «تۇرا ناخشىسى» پۈتۈن ئۇيغۇرلار ئىچىدە، جۈملىدىن مەملىكىتىمىز دائىرىسىدە كەڭ تەسىر قوزغىغان ۋە ئەسىرلەردىن بېرى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە سىمۋولى بولۇپ كەلگەن. بۇ مۇزىكا تېكىستى ھازىر خەنزۇ مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلۈپ، سۆيۈپ ئوقۇلماقتا. ھەتتا ياپونىيىدىمۇ بۇ تېكىست قىزغىن تەتقىق قىلىنماقتا.

ئەپسۇسكى، بۇ مۇزىكا دەرسلىكىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى تېكىستى بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەن. پەقەت مەملىكىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق مۇزىكا دەرسلىك توپلاملىرىدىن بىرى بولغان «ئوردا مۇزىكا تېكىستلىرى توپلىمى» ئىچىدە خەنزۇچە تەرجىمىسىلا ساقلىنىپ كەلگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

چۇغاي تېغى باغرىدىن،
ئاقار تۇرا سۇلىرى،
كەڭ دالىنى پۆركەپتۇ،
ئاسمان شەكلى چېدىرى.
چەكسىز ئاسمان، دالا ھەم
كۆپكۆك دېڭىز بىپايان.
ئېگىز ئوتلار يەلپۈنسە،
پەستە مىغ - مىغ كۆرۈنەر —
سان - ساناقسىز قوي - قۇلان.

ئەگەر بىز قېتىرقىنىپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بۇ مۇزىكا ۋە ناخشا تېكىستىنىڭ ئوبراز تەسۋىرى، ئوخشىتىشلىرى چوڭ-

قۇر تەلىم ـ تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنىڭدا ئۇيغۇرلار (شەرقىي تۈرالار) نىڭ دۇنيا قارىشى، تۇرمۇش ئادىتى، تارىخى، جۇغراپىيە مەنزىرىسى ئىنتايىن ئىخچام ۋە تەسىرلىك قىلىپ تەسۋىرلەنگەن. شۇڭا ئۇ يالغۇز مۇزىكا دەرسلىكىلا بولۇپ قالماي، بەلكى قىسقارتىلغان تارىخ ۋە تەبىئەت دەرسلىكى بولۇش قىممىتىگىمۇ ئىگە.

«تۇرا ناخشىسى» ۋە «ئېرق پۈتۈك» بىلەن بىللە ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تۇنجى دېداكتىك ئەسەر «چاستانى ئىلىك بەگ» داستانى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسەر كۆك تۈرك خاندانلىقى (552 — 744) دەۋرىنىڭ ھارپىسىدا يېزىلغان. ئۇنىڭدا يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەت ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۈرەشلەر بايان قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭدا خېلى كۆپ تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە مەزمۇنلار بار.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە مەڭگۈ تاش پۈتۈك يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇر خەلقىنى ھەققىي تارىخي دەرسلىك بىلەن تەمىنلىدى. ئۇلاردىن مەشھۇرلىرى: «كۆل تېكىن مەڭگۈ تېشى» (732 ـ يىلى تىكلەنگەن)، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (735 ـ يىلى)، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» (716 ـ يىللىرى) ۋە «قۇتلۇق بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» (759 ـ يىلى)دۇر.

يۇقىرىدىكى مەڭگۈ تاشلار تەزكىرىلىرى ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخي ھاياتىنى، تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەسىرلىك ۋە ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئۇ ھەم تارىخي دەرسلىك قىممىتىگە ھەم ئەدەبىيات قىممىتىگە ئىگە. بۇ مەڭگۈ تاشلار تەزكىرىسىنى يازغان ئاپتورلار شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچىلىرى، ئەدىبلىرى ۋە ماھىر خەتتاتلىرى ئىدى.

لېكىن، ئۇيغۇرلاردا يېزىق تارىخى باشلانغاندىن كېيىن، مەكتەپ مائارىپ ئىشلىرىغا تۇنجى ئاساس سېلىنغان ماكان ـ تۇرپان ئىدىقۇت ھېسابلىنىدۇ. ئىدىقۇت ئەينى زاماندا شەرق

بىلەن غەرب مەدەنىيىتى بىر - بىرى بىلەن سىڭىشىپ يۇغۇرۇلغان
مەركىزىي تۈگۈن ئىدى. ئۇ يەردە تۈرلۈك دىنلار ئەركىن پائا-
لىيەت ئېلىپ باراتتى، ئىبادەتخانىلار قۇراتتى، مەكتەپلەر ئا-
چاتتى، كىتابلار باساتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخىدا بۇد-
دا كىتابلىرى ئەڭ كۆپ يېزىلىپ ساقلانغان جايمۇ ئەنە شۇ
ئىدىقۇت ئىدى. بۇ يەردە تېپىلغان يازما يادىكارلىقلار بىرنەچ-
چە تۈمەندىن ئارتۇق.

كىشىلەر ئىدىقۇتنى ئەينى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ
«يەر ئاستى كۇتۇپخانىسى» دەپ بىكار ئېيتمىغان. تۆۋەندىكى
پاكىتلار بۇ باھانى ئىسپاتلايدۇ:

بۇ يەردە نىستۇرى① دىنىي ئەقىدىسى مەزمۇن قىلىنغان:
«ئەۋانگىلىيوم» (بەخت سادىسى)، «سانت گىورگىنىڭ شېھىت بولۇش
خاتىرىسى»؛ مانى دىنىغا ئالاقىدار ئەسەرلەردىن: «ئىككى يىل-
تىز نوم»، «مانى مۇرىتلىرىنىڭ توۋانامىسى»، «ئېرق پۈتۈك»؛
زارا ئۇستىر② (ئاتەشپەرەسلىك) ئەقىدىسىگە ئائىت ئەسەرلەردىن:
«ئەۋلىيا قەسىدىلىرى»؛ بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەردىن: «ئال-
تۇن يارۇق»، «سەككىز يۈكمەك»، «مايتىرى سىمىت» ناملىق
يىگىرمە يەتتە پەردىلىك دراما③، تارىخىي داستان — «ماھارا-

①نىستۇرى (401 — 451 - يىللار) — خرىستىيان دىنىنىڭ بىر
مەزھىپى بولغان نىستۇرى ئەقىدىسىنى تەسىس قىلغۇچى. راھىب ئارا-
بان 635 - يىلى ئىدىقۇتقا كېلىپ بۇ دىننى تەرغىب قىلغان.

② زارا ئۇستىر — (مىلادىدىن سەككىز ئەسىر بۇرۇن ئۆتكەن)
ئۇستا دوختۇر ۋە شائىر، زەردەشت دىنىنىڭ ئەۋلىياسى.

③ پىرتانىراكشىت تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇ دراما 9 — 10 -
ئەسىرلەردە باشبالىق قاتارلىق قوچۇ شەھەرلىرىدە سەھنىدە ئوينال-
غان. بۇنىڭدىن ئىلگىرى قەدىمكى كۇسەن (كۇچا) نىڭ «ئەجدىھا
ئويۇنى»، «سۇمۇچ ئويۇنى» قاتارلىق ئۇچۇق سەھنە ئويۇنلىرىمۇ دراما
ۋە كومېدىيە شەكلىنى ئالغان ئويۇنلار ئىدى.

باتا»؛ 294 توم 25 كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سەلتەنەتكە يارDەم بەرگۈچى ئۆرنەك - تەدبىرلەر»؛ بەش توملۇق چوڭ چۆچەكلەر توپلىمى — «پەنجى تانترا»؛ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن: «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «ئىززوپ مەسەللىرى»، «ئوغۇزنامە» ھەمدە بەش توملۇق رىۋايەتلەر توپلىمى؛ «چاستانى ئىلىك بەگ»، «قەدىمكى تۇرپان قوشاقلىرى»، «مېدىتسىنا بىلىملىرى»، «ئىككى تىللىق لۇغەت» ۋە ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ مەڭگۈ تاش خاتىرىلىرى، ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر؛ ئەرەب يېزىقىدىكى ئەسەرلەردىن: «تۆمۈر تەزكىرىسى»، «تەزكىرى ئەۋلىيالار»، «مىراجنامە»، «كۆڭۈلنامە»، «بەختنامە»، «شائىر خارازمى تاللانمىلىرى» ۋە «مەۋلانە لۇتفى شېئىرلىرىدىن تاللانما»؛ بۇنىڭدىن باشقا دېداكتىك تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىدىكى ئەدەبىي، شېئىرىي ئەسەرلەردىن: «ئاخاۋاركا»، «قالىپامقارا - پاپامقارا»؛ دېداكتىك نەسرىي ئەسەرلەردىن: «چوڭ مايمۇن پاتىمارال»، «بەختىيار شاھزادە»، «رەسسام بىلەن ياغاچچى ھېكايىلىرى» قاتارلىق ئىنتايىن كۆپ ئەسەرلەر يېزىلغان ۋە تەرجىمە قىلىنغان.

يۇقىرىدا تىزىپ ئۆتكەنلىرىمىز ئىدىقۇتتىن تېپىلغان مەدەنىي يازما يادىكارلىقلارنىڭ پەقەت بىر تۈركۈمىدىنلا ئىبارەت. مۇتلەق كۆپ قىسمى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن.

يالغۇز گېرمانىيىنىڭ تۆت قېتىملىق ئارخېئولوگ ئەترىتىلا بۇ يەردىن ئېلىپ كەتكەن يازما ھۆججەتلەر بىرنەچچە تۈمەندىن ئېشىپ كېتىدۇ! باشقا ئەللەرنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىرى بۇنىڭ سىرتىدا.

ئىدىقۇتتا قانداق قىلىپ بۇنچىۋالا تارىخىي يادىكارلىقلار مەيدانغا كەلگەن ۋە ساقلىنىپ قالالىغان؟

بىرىنچىدىن، ئىدىقۇتتا مائارىپ ۋە ئىدېئولوگىيە ئەركىنلىكى يولغا قويۇلغان. قايسى ئېتىقادقا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەت-

ئېيىنەزەر، ئۇ بىلىم ئىگىسى بولسىلا، بولۇپمۇ ئەۋلادلارنى تەربىيىلىگۈچى بولسىلا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى بۇنداق كىشىلەر «ئىلتەبىر» (ilteber) دەپ ئاتىلاتتى.

ئىككىنچىدىن، ئىدىقۇتتا كىتاب يېزىش ۋە كۆچۈرۈش ئەلگە ساۋابلىق كەسىپ دەپ قارىلاتتى. بۇنداق ئېتىقاد «بۇيان» (buyan) دېيىلەتتى. مەسىلەن، پۈتۈلگەن كىتابلارنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق سۆزلەر ئالاھىدە يېزىلاتتى: «... بۇ كىتابنىڭ ساۋابى ئالدى بىلەن خان سارىيىغا، ئاندىن قالسا مەرھۇم ئەجدادلارغا ۋە يارۇ - بۇرادەرلەرگە بولغايلەر...»

ئۈچىنچىدىن، ئىدىقۇتتا بىلگە كېڭەشى (مائارىپپەرۋەر دانىشمەنلەر كېڭەشى) تەسىس قىلىنغان. ئۇلار دەرىجە، ئۇنۋانلارنى بەلگىلەيتتى، ھەم ئەل ئىچىدىكى ئاقارتىش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. بىلگە كېڭەشى نۇرغۇن تىللىق ئىزاھلىق لۇغەتلەر (سانسكرىت - ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە، توخار - ئۇيغۇرچە، سوغدى - ئۇيغۇرچە) نى قوللانما سۈپىتىدە تۈزۈپ چىققان.

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى يەنە سۈپەتلىك قەغەز كەشپ قىلغان. خەت پۈتۈلۈشتىن بۇرۇن قەغەز ئۈستىگە ئاق شىلىم سۈرتۈلەتتى. بۇ قەغەز «پاتلاپ يېزىش ئۇسۇلى» دېيىلەتتى. قاراغوجىدا يەنە خېلى چوڭ قەغەز زاۋۇتىمۇ قۇرۇلغان.

ئىدىقۇتلۇقلار ئۆز ئالدىغا ياغاچ مەتبە كەشپ قىلغان. ھەرپلەر دانە - دانە كۋادرات ياغاچلارغا ئويۇلۇپ، ئاندىن قېلىپقا بېكىتىلىپ، ئۈستىدىن رەڭ سۈرتۈلۈپ خىلمۇ خىل رەڭلىك كىتابلار بېسىلاتتى. مۇشۇنداق مەتبە ھەرپلىرىدىن چەت ئەل ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئېلىپ كەتكەنلىرى 100 مىڭدىن ئارتۇق①.

---

① 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا روسىيىلىك ئولدىنبۇرگ تۇرپانغا كېلىپ، ياغاچ مەتبە (kelagerofi) ھەرپلىرىدىن 100 مىڭدىن ئارتۇقراقىنى ئېلىپ كېتىپ، موسكۋا مۇزېيىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن.



AltunOq

ئەينى زاماندىكى ئىدىقۇت مائارىپى توغرىلىق ئاتاقلىق سەيياھ ۋاڭ يەندى (939 — 1006 - يىللار) ئۆزىنىڭ «ئاستانە خاتىرىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان: «... ئىدىقۇتتا كەسپىي مۇئەللىملەر بار ئىكەن، ئۇيغۇرلار شېئىر ۋە قوشاققا خۇشتار ئىكەن. ئۇلار ئۆز يېزىقىنى كۈندىلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، كىتابلارنى يېزىشقىمۇ ئىشلىتىدىكەن، ئۇ يەردە ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردۈم...»

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئانا تىلىنىڭ ساپلىقىنى قوغداپ قالغانىدى. ئۇلار مەنسەپ ناملىرىنى ئاتاشتا ئورخۇن ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلدى. مەسىلەن، ئۇلار «قاغان» سۆزىنى ئۇزاققىچە قوللاندى. بۇ سۆز ھۆكۈمران، ئىمپېراتور، خان مەنىلىرىدە بولۇپ ھون، تۈرك ۋە سىيانپىلارمۇ بۇ سۆزنى ئورتاق ئىشلەتكەن، ھازىرقى زاماندا بۇ ئاتالغۇ - ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىدىغان ھۆرمەت قوشۇمچىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن، قازاقلاردا ئۆمەرقان، تىلەۋقان، ئۇيغۇرلاردا ئابدۇكېرىمخان، قادىرخان دېگەنلەردەك. «ئىدىقۇت» سۆزى — بەختكە يېتەكلىگۈچى دېگەن بولىدۇ. «قۇت» سۆزى ھازىرمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، «قۇتلۇق بولسۇن»، «ساڭا بۇ مال قۇت ئەتسۇن، قۇتاپ قالسۇن» دېگەندەك.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىنىڭ 9 — 13 - ئەسىرلەر) دەۋرىدە ئىدىقۇت مائارىپى نۇرغۇن تىلشۇناسلارنى، كۆپ تىللاردىن

---

ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبە تېخنىكىسى تاكى گېرمانىيە ئالىمى ئىنوگىن كودىنبورگ كەشىپ قىلغان مېتال ھەرپلىك ئىلغار مەتبە تېخنىكىسى ئىشلىتىلگۈچىلىك (15 - ئەسىرگىچە) دۇنيادا ئالدىنقى ئورۇندا تۇراتتى. بۇنىڭدىن بىز ئىدىقۇت مائارىپى، نەشرىياتچىلىقىنىڭ خېلى زور كۆلەمدە راۋاجلانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

خەۋەردار تەرجىمانلارنى، ئابرويلۇق ئوقۇتقۇچىلارنى، مەرىپەتلىك ئەدىب - شائىرلارنى، دراماتورگلارنى، بوغالتىر - ھېساباتچىلارنى، تېۋىپ - دوختۇرلارنى يېتىشتۈرگەنىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە:

سىڭقۇ سەلى (بۇ ھەقتە كېيىنكى بابىمىزدا مەخسۇس توختىلىمىز)، ئاتاقلىق ئەدىب ۋە تەرجىمان پىرتانىراكشىت، مائارىپچى، يازغۇچى، داستانچى ئاپىرىنچۇر تېكىن، «ھېكمەتلەر پەزىلىتى» نىڭ ئاپتورى، دېداكتىك شائىر كىكى، شائىر چىنۇيا تۇتۇڭ، شائىر قالىم كەيشى، شائىر ئاتىسالىغ، كولتارقان، ئاسىغ تۇتۇڭ، قارۇنداز قاتارلىقلار بار.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى: قوچۇ (ئىدىقۇت) خانلىقى دەۋرىدە پۈتكۈل مائارىپ ئىدېئولوگىيىسى ئۈستىدە ھەر خىل دىنىي ئەقىدىلەر ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. بىراق، ئۇ ئومۇمىي خەلق ئەدەبىياتى ۋە مائارىپ ئۇچۇن ئېيتقاندا قىسمەن رامكىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ تەكتىدە خەلقنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقى، تارىخى ۋە مەدەنىي - مائارىپى يەنىلا كۈچلۈك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بۇنىڭغا مەشھۇر «ئوغۇزنامە» قىسسىسى تېخىمۇ تولۇق ئىسپات بولالايدۇ. «ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ھايات تارىخى، دۇنيا قارىشى، ئىجتىمائىي ئۆرپ - ئادەتلىرى، پەزىلەتلىرى ۋە جەڭگىۋارلىق خىسلەتلىرىنى تونۇشتۇرىدىغان قىسقا ۋە ئۇنىۋېرسال دەرسلىك قوللانمىدۇر.

# IV باب بۇددىزم دەۋرىدە ئۇيغۇر مائارىپى

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن تارىم ئويمانلىقىدا ئەڭ كۈچلۈك يىلتىز تارتقان دىن بۇددىزم ئىدى.

بۇددا — سانسكرىتچە «ئەقلى - ھوشىغا كېلىپ، توغرا يولغا ماڭماق» دېگەن ئۇقۇمنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ ئېتىقادنى ساكيامۇنى① (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 557 — 477 - يىللار) كەشپ قىلغان. بۇ دىن توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلار مىلادىنىڭ 740 - يىلىغىچە 5048 تومغا يەتكەن.

بۇددا دىنى تارىم ئويمانلىقىغا مىلادىنىڭ 75 - يىلىدىن تارتىپ كىرىشكە باشلىغان. نەتىجىدە خوتەن، كۇچا، كېيىن ئىدىقۇتنى مەركەز قىلغان بۇددا مائارىپى ۋە سەنئىتى ۋۇجۇدقا كەلگەن. تۆۋەندە بىز ئەنە شۇ مائارىپ يېتىشتۈرگەن مەشھۇر ئالىملار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتىمىز:

## 1. ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس كوماراجىۋا

كوماراجىۋا (مىلادى 344 — 413- يىللار)قەدىمكى كۇچا (كۇسەن)

---

① ساكيامۇنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 557 - يىلى شىمالىي ھىندىستاندا بىر دەۋران ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا چىداملىق ۋە زېرەك بولۇپ ئۆسكەن. ماتېماتىكا، تىل، ناتىقلىق، ھەربىي، سەنئەت بىلىملىرىنى ياخشى ئۆگەنگەن. خىيالىي تەسەۋۋۇر

شەھىرىدىكى بىر بۇددا ئالىمىنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ ئانىسى جىۋا بىلىملىك ئايال ئىدى. كۇماراجىۋا 19 ياشقا كىرگەندە، ئانىسى جىۋا بىللە چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان. غەربكە ئوقۇشقا چىققان جۇڭگولۇقلار ئىچىدە كۇماراجىۋا ئەڭ كىچىكى، ئانىسى جىۋا بولسا تۇنجى ئايال ھېسابلىنىدۇ.

كۇماراجىۋا كۇچاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان؛ 30 ياشلىرىدا يۇقىرى ئابرويلۇق ئالىم بولۇپ داڭ چىقارغان. ئۇنىڭدا ئىگىلىگەن تالىپلار دەرس ئاڭلىغان. ئۇنىڭ نوپۇزى ۋە شۆھرىتىنى ھۆرمەتلەپ ئالدىغا ئالتۇن مۇنبەر قويۇپ لېكسىيە سۆزلەتكەن.

كۇماراجىۋا — كۆپ تىل (سانسكرىت، تاڭغۇت، خەنزۇ تىلى، تۈرك - تۇخار، ئېپتالىتلار تىلى) ئۆگەنگەن ۋە شۇ تىللاردا لۇغەت - قامۇس تۈزگەن تىلشۇناس. ئۇ تىلشۇناسلىق ۋە تەرجىمەشۇناسلىق توغرىسىدىمۇ ئىلمىي دوكلاتلار قىلغان. تارىم ۋادىسىدا تەرجىمەشۇناسلىق تارىخى كۇماراجىۋادىن باشلىنىدۇ. ئۇ نۇرغۇن بۇددا كىتابلىرىنى سانسكرىت تىلىدىن باشقا تىللارغا، جۈملىدىن خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نۇرغۇن يېڭى ئاتالغۇلارنى كەشپ قىلغان. كۇماراجىۋانىڭ تەرجىمە ئەمگىكى ئارقىسىدا تۈرك - ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەخس كېلىش قوشۇمچىسىغا كۆپلىگەن سىپايىسى دەرىجىلەر قويۇق سىڭىپ كىردى. بۇنداق سىپايىسى دەرىجىلەر سانسكرىت تىلىدا كۆپ بولۇپ، قەدىمكى تۈرك - ئۇيغۇر تىلىدا يوق ئىدى.

كۇماراجىۋا ھەيكەلتىراشلىق ۋە مۇزىكا سەنئىتىگىمۇ ماھىر ئىدى. مەشھۇر «قىزىل مىڭ ئۆي» قاتارلىق تام سۈرەتلىرى كۇماراجىۋا ياشىغان دەۋردە سىزىلىشقا باشلىغان.

---

قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان ساكيامۇنى 29 يېشىدىلا بۇددا دىنىنى كەشپ قىلغان. بۇ دىن بارا - بارا دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمكى ۋە يىرىك دىنىي ئېتىقاد سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

مىلادىنىڭ 401 - يىلى ئاخىرقى چىن پادىشاھى ياۋشىن دەۋرىگە كەلگەندە، كوماراجىۋا تەكلىپكە بىنائەن چاڭئەنگە بېرىپ، دىنىي ئالىي مەكتەپلەردە ئۇزۇن يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ 800 تالىپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. بۇ تالىپلاردىن داۋشىن، سىنچى، داۋرەن، سىنشى قاتارلىقلار پۈتۈن جۇڭگو بويىچە «تۆت مەشھۇر ئەۋلىيا» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان.

كوماراجىۋا چاڭئەننىڭ ئالىي دىنىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش بىلەن بىللە يەنە سانسكرىت تىلىدىن 384 توم كىتابنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى. ئۇنىڭ تەرجىمە ماھارىتى ۋە تىل بەدىئىيلىكى جۇڭگودا ئىنتايىن ئابروي قازانغان.

## 2. مائارىپچى ئالىم پۇرتىمدىن

پۇرتىمدىن (233 — 348) 116 يىل ئۆمۈر سۈرگەن ئاتاقلىق مائارىپچى. پۇرتىمدىن ئەسلى تۇرپاندىن بولۇپ، مىلادىنىڭ 310 - يىلى (غەربىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە) پادىشاھ يۈەن جيانىڭ تەكلىپىگە بىنائەن پايتەخت لوياڭغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

پۇرتىمدىن ئىچكىرىدە ئۇزۇن يىل مائارىپ بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا 893 ئىبادەتخانا مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىپ چىققان. پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندىستان ۋە چاڭجياڭنىڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىن ھەر يىلى مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە راھىبلار لوياڭغا توپلىنىپ، ئۇنىڭ تەپسىرىنى ۋە دەرسىنى ئاڭلىغان. ئۇ ئونمىڭلىغان شاگىرت يېتىشتۈرگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدىن داۋئەن، فايا، فاتەي، فاخې قاتارلىق كىشىلەر پۈتۈن جۇڭگو بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق بۇددا ئۆلىمالىرى بولۇپ داڭ چىقارغان.


AltunOq

## 3. ئاتاقلىق رەسسام ۋايساباچىنا ۋە ۋايسا ئىراسانگا

تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ ئاجايىپ ئۇستازلىرىدىن بولغان بۇ ئىككى ئاتاقلىق رەسسام ئاتا - بالا 6 — 7 - ئەسىردىكى ئۇدۇن (قەدىمكى خوتەن) بۇددا سەنئىتىنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرى بولۇپ تونۇلغانىدى.

ۋايسا باچىنا يالغۇز بۇددا تەلىماتىدىكى ھېكايىلەر تەسۋىرىنى سىزىش بىلەنلا چەكلەنمىدى. بەلكى تەبىئەت مەنزىرىلىرى، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئوبرازلىرى، ھايۋاناتلار دۇنياسىنى ئىنتايىن جانلىق سىزىپ، ئىبادەتخانا تاملىرىنى، فار بېزەكلىرىنى لايىھىلىگەن. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى رېئاللىزملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان. ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغان سۇي سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى سۇي تاڭدى ئۇنى تەكلىپ قىلىپ، پايتەخت لوياڭ شەھىرىنىڭ ئىبادەتخانا تاملىرىنى بېزەتكۈزگەن. ئۇ سىزغان «براخمانىنىڭ سۈرىتى»، ھەمدە چەت ئەلنىڭ «خاسىيەتلىك ئورماللىرى»، «ئالۋاستىنى تەسلىم قىلىش»، «بۈركۈت، تايغانلار تەسۋىرى» غايەت زور شۆھرەت قازانغان.

ئۇنىڭ ئوغلى ۋايسائىراسانگا خوتەن ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئاتىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئىجادىيەتلەرنى ياراتتى. بولۇپمۇ چاڭئەن ۋە لوياڭ شەھەرلىرىدە كۆپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، ئۇ سىزغان سۈرەتلەر گويا ئېگىلىپ تۇرغان كالۋۇتۇن يېپەك جانلىق دېگەن مەدھىيىگە ئېرىشتى. ۋايسا ئىراسانگا سىزغان گۈللەرنىڭ سۈرەتلىرى «ئىرىك گۈل» دەپ باھالىناتتى. ئۇ ئىشلىگەن ئىلاھىي ھەيكەللەر «تەڭرى تەسۋىرىنىڭ نەمۇنىسى» دەپ قارىلاتتى①.

---

① بۇددىزم ئەقىدىسى تۈرلۈك سەنئەتلەر (ھەيكەلتىراشلىق، نەققاشلىق، مۇزىكا، ئۇسسۇل، دراما) گە يول قويۇپ، بۇ خىل سەنئەتلەرنى دىنىي تەرغىباتچىلىقنىڭ كۈچلۈك ۋاسىتىسى دەپ ھېسابلايدۇ-

## ٤. چوڭ ئالىم ۋە ئۇلۇغ ئوقۇتقۇچى پىرخۇيلان

پىرخۇيلان (736 — 820 - يىللار) قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ شۇ يەردىكى ئالىي ئىبادەتخانا مەكتىپىدە بىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، زامانىسىدا كاتتا يازغۇچى، ئوقۇتقۇچى بولغان.

پىرخۇيلان ئۆمرىنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدا يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن قورقۇپ چاڭئەنگە بېرىۋالغان. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەردە «پېشۋا ئالىم» دېگەن شۆھرەتكە ۋە كاتتا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. پىرخۇيلان چاڭئەندە يىگىرمە يىللاپ قان - تەر سەرپ قىلىپ «ئومۇمىي ئەقىدىلەر شەرھى» ناملىق 100 تومدىن ئاشىدىغان غايەت زور يىرىك ئەسىرىنى يازغان. بۇ ئەسەر بۇددا ئالىملىرى ئىچىدە قولدىن قولغا ئۆتۈشۈپ ئوقۇيدىغان قامۇسقا ئايلانغان، ھەتتا چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر «ئومۇمىي ئەقىدىلەر شەرھى»نى ئاتايىن قەدىرلەپ ئوقۇغان.

پىرخۇيلان ھىندى تىلىنى، جۇڭگونىڭ ئەدەبىي تىلىنى ۋە باشقا تىللارنىمۇ پىششىق بىلەتتى. ئۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى ھەممە يازما خاتىرىلىرىنى مۇپەسسەل ئۆگىنىپ چىققان. ئۇنىڭ جان پىدالىق بىلەن ئۆگىنىش روھى كېيىنكى كىشىلەر-

---

تى. ئاشۇ زوراۋۇرىيەت ئارقىسىدا بۇددىزىم سەنئىتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. مەشھۇر «قەندىھار ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى». دۇخاڭ مىڭ ئۆي، قىزىل مىڭ ئۆي سۈرەتلىرى ۋە باشقا تۈرلۈك - تۈمەن غار سەنئەتلىرى ئەڭ مۇھىم تارىخىي يادىكارلىقتۇر. جۇملىدىن قەدىمكى كۇسەندىن يېتىشىپ چىققان ۋە ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مۇزىكا سەنئىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن مۇزىكا ئۇستازى ئاتا - بالا سۇجىۋا قاتارلىقلارمۇ ئاشۇ دەۋر نامايەندىلىرىدۇر.

گىمۇ چوڭ ئىلھام بەرگەن.
«ئۇمۇمىي ئەقىدىلەر شەرھى» نىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ چاۋشيەنلىكلەر مەخسۇس دۆلەت ۋەكىلى ئەۋەتىپ مەزكۇر ئەسەرنى كۆچۈرۈۋېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، جۇڭگو ھۆكۈمىتى (5 دەۋرى زامانىدا) رۇخسەت قىلمىغان. كېيىن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە چاۋشيەن دۆلىتى يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ قايتا ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالغان، سۇڭ سۇلالىسى بۇ قېتىم رۇخسەت قىلغان. مىڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا مەزكۇر ئەسەرنى ياپونلۇقلاردىن كىشى كېلىپ كۆچۈرۈپ كەتكەن. ياپونىيەدە پىرخۇيلان چوڭ ئالىم دەپ تونۇلغان.

1737 - يىلى (چەنلۇڭنىڭ 2 - يىلى) دۆلەت تەرىپىدىن پىرخۇيلاننىڭ ھەممە ئەسەرلىرى تولۇق بېسىلىپ ئېلان قىلىندى.

1880 - يىلى دۆلىتىمىز مەزكۇر ئەسەرنىڭ ياغاچ ئويما نۇسخىسىنى ياپونىيەدىن ئالدۇرۇپ كېلىپ، كۆپەيتىپ بېسىپ تارقاتتى. دېمەك، قەشقەردىن چىققان بۇ ئالىم ۋە مەشھۇر ئوقۇتقۇچى زامانىسىدا خەلقئاراغا تونۇلغان مائارىپچى ئىدى.

## 5. مائارىپچى ۋە تىلشۇناس سىڭقۇ سەلى

سىڭقۇ سەلى 10 - ئەسىردە قوچۇ (ئىدىقۇت) خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى باشبالىق (ھازىرقى جىمسار)دا ياشىغان. ئۇ، ئۆز زامانىسىدا شۆھرەت قازانغان مەرىپەتچى ئەدىب، تەرجىمان ئىدى. ئۇ تەرجىمە قىلغان «ئالتۇن يارۇق» ئەينى زاماندا بۇددا كىتابلىرى ئىچىدە بولۇپمۇ ماھايانا مەزھىپى ئارىسىدا ئەڭ مۇقەددەس دەستۇر ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ تەرجىمە ئەسەرلىرىدىن «شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىق كىتابلار يۇقىرى بەددىئىيلىككە ئىگە.

سىڭقۇ سەلى ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا يەنە توخار

تىلى، ئەنەتكەك - سانسكرىت تىلى، خەنزۇ تىلى، تاڭغۇت تىلى قاتارلىق تىللارنىمۇ پىششىق بىلەتتى. ئىقتىدارلىق سىڭگۇ سەلى قاراغوجا، جىمسار قاتارلىق جايلاردا ئۇزۇن يىللار ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ شۆھرەت تاپقانىدى.

※ ※ ※

تەڭرى تېغى، پامىر، قارا قۇرۇم تېغى ئېتەكلىرى ۋە پۈتكۈل تارىم ۋادىسى زېمىنىدا مىڭ يىللاپ يىلتىز تارتقان بۇددا ئەدەبىياتى (قەدىمكى سانسكرىت ئەدەبىياتى) بىلەن يەرلىك خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئۆز ئارا ھىمىلىشىپ بىر يۇرۇش تەلىم - تەربىيە نەمۇنىلىرىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ھەر بىر ئىنسان خاسىيەتلىك — پايدىلىق ئىش قىلىشى لازىم.

2. پەزىلەتلىك كىشىلا خاسىيەتلىك — پايدىلىق ئىش قىلالايدۇ.

3 پەزىلەت - چىنلىق، ھېسداشلىق ۋە سېخىيلىقتىن ئىبارەت؛ قارا نىيەتلىك پەزىلەت ھېسابلانمايدۇ.

4. پەزىلەتلىك كىشى ئەڭ بەختلىكتۇر.

5. بىلىمدىن، تەربىيەدىن، سېخىيلىقتىن ۋە ياخشىلىقتىن مەھرۇم كىشىلەر مەخلۇق بىلەن باراۋەر، ئۇلار ئەڭ بەختسىزدۇر.

6. باي بولۇشنى تىلەشتىن بۇرۇن، پەزىلەتلىك بولۇشنى تىلە، چۈنكى بەخت بىلەن ئامەت پەزىلەتتىن كېلىدۇ.

7. كىشىنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭ پەزىلىتىدىن ئۆلچە.

8. سەۋر - تاقەت ۋە ساپلىق ئۆمۈرنى ئۇزارتىدۇ.

9. ھەق - ناھەقنى ئايرىيالايدىغان ئىنسان ئەڭ ئەقىللىق ئىنسان.

10. ئۇلۇغ باشلامچىلار توغرا نىيەتلىك كىشىلەردىن كېلىدۇ.

11. ئىنسان مال - دۇنيا ھېرىسلىقى ۋە ئەيش - ئىشرەتنىڭ قىزىقتۇرۇشىدىن خاتالىشىدۇ، پالاكەتكە قالىدۇ.

12. بايلىق بىلەن ھەۋەسنى قوغلىشىدىغان كىشىلەردىن دانىشمەن چىقمايدۇ.

13. مال - دۇنيا مەڭگۈلۈك ئەمەس، مەڭگۈلۈك بولىدىغىنى ئىجادىيەت ۋە پەزىلەتتىن كېلىدىغان شان - شەرەپ.

14. ھايات شامالدەك؛ كۈچ - قۇۋۋەت ئۇچقان قۇشتەك؛ ياشلىق چاقماقتەك؛ مال - دۇنيا كەلكۈن سۇدەك؛ ئۇ كېلىدۇ، يەنە كېتىدۇ؛ شۇڭا خاسىيەتلىك ئىش قىل، پەزىلەت ئۆيىدىن ئورۇن ئال.

15. نادانىنىڭ قولى مايلاشقان كۈنى ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

16 پەزىلەتنىڭ نامى ئۆچمەيدۇ.

17. بىلىمنى، بىلىملىكلەرنى قەدىرلە، يوقسۇلغا ھېمداش بول، يۆلە.

18. باشقىلارنى خارلىما، تىل - ھاقارەت قىلما.

19. پەزىلەتنىڭ يېنىدا گۈل ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ.

# ٧ باب ئوتتۇرا ئەسىردە قەشقەر مەركەز قىلىنغان ئۇيغۇر مائارىپى

يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدىكىدەك، ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپى ئورخۇن، شامان ۋە مانى دەۋرى (552 — 844 - يىللار)، ئىدىقۇت مائارىپى دەۋرى (850 — 1250 - يىللار) ۋە بۇددىزم مائارىپى دەۋرى (75 — 992 - يىللار) جەريانلىرىدىن ئۆتۈپ، كېيىن قەشقەر مەركەز قىلىنغان قاراخانىلارنىڭ ئىسلامىيەت مائارىپى دەۋرى (870 — 1211 - يىللار) غا قەدەم قويدى. بۇ دەۋردىكى مائارىپ ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا زور شۆھرەت قازانغانىدى.

يېڭىدىن باش كۆتۈرۈپ چىققان ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مائارىپىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى بىلەن باشقا دىنىي ئېتىقادلار تارىم ۋادىسىدىن سىقىپ چىقىرىلىپ، ئىسلامىيەت مائارىپى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولدى ۋە ئىنتايىن تېز راۋاجلاندى.

ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ بىلىم - مەرىپەت ئىشلىرى تازا گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە بىرلا باغدات شەھىرىدە 30 ئالىي بىلىم يۇرتى، 36 ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسى بار ئىدى. مىلادىنىڭ 830 - يىلى بۇ يەردە چوڭ كۆلەمدىكى ئىلمىي ھېكمەت مۇزېيى (beyt al hikmət) تەسىس قىلىندى. ئۇ ئەينى زاماندىكى ئەڭ ئاتاقلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىدى. بۇ ئاكادېمىيىنىڭ بىرىنچى باشلىقى خۇنەيىي ئىسھاق (809 — 837 - يىللىرى باغدات ئاكادېمىيىسىگە رەئىسلىك قىلغان) ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى بىرلىكتە يۇناننىڭ قەدىمكى كلاسسىك پەلسەپە ئەسەرلىرىنى

ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىپ چىققان، ئۇلارنىڭ ئايلىق ئىش ھەققىگە 500 دىناردىن ئالتۇن بېرىلگەن؛ كېيىن ئۇلارغا يەنە تەرجىمە ئورىگىنالى قېلىنلىقىدا ساپ ئالتۇن مۇكاپات قىلىنغان. بۇ دەۋر ئىسلامىيەت مائارىپىنىڭ ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان ئالتۇن دەۋرى ھېسابلىناتتى. ئوتتۇرا ئاسىيالىق مۇتەپەككۇر ۋە داڭلىق ئالىملاردىن مۇھەممەت ئىبن مۇسا خارەزمى (750 — 847)، ئەبۇنەسىر فارابى (870 — 950)، ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا (980 — 1037) ۋە ئەبۇرەيھان بىرونى (972 — 1049) قاتارلىق ئالىملار ئەنە شۇ دەۋر مائارىپىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

مىلادىنىڭ 950 - يىلى ئوبۇلھەسەن سەيىد ھاتەم، سەيىد جالالىددىن باغدادى ئىسىملىك ئىككى چوڭ ئالىم ئوردۇكەنت (قەشقەر) كە كېلىپ، ئىسلام دىنى ۋە ئىسلام مائارىپىغا ئاساس سالدى. مەزكۇر ئىككى ئۆلىمانىڭ دالالىتى بىلەن مىلادىنىڭ 953 - يىلى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىرىنچى بولۇپ ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەشقەر ئاھالىسىمۇ كەينى - كەينىدىن ئىسلام ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلدى. 24 يىللىق سوقۇش (997 — 1021 - يىللار) نەتىجىسىدە بۇددىزىمنىڭ جاھىل قورغىنى بولغان خوتەن خانى ياغلىقار يېڭىلىپ، پۈتۈن خوتەن خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ۋە بۇ يەرلەردە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساس قىلىنغان يېڭى يېزىق يۈرگۈزۈلدى.

«دىن — ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى تونۇش جەريانىدىكى مۇھىم ئىپادىلىرىنىڭ بىرى...»①

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي ئېتىقادى ۋە مائارىپ ئىدىيىلولوگىيىسىدە يۈز بەرگەن تارىخىي بۇرۇلۇشلارمۇ دەل دۇنيانى تونۇش ۋە ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىش پائالىيىتى جەريانى بولدى.

---

① «خەلق گېزىتى» 1983 - يىل 7 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى سانى 7 - بەت.

ماۋ زېدۇڭ: «... بىز تارىخنى ئۈزۈۋېتەلمەيمىز، بىز كۇڭفۇزىدىن تا سۇن جوڭشەنگىچە بولغان پۈتۈن ئۆتمۈشنى يەكۈنلەپ، قىممەتلىك مىراسلىرىمىزغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك ...» دېگەنىدى.

جوڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مائارىپ مىراسلىرىمۇ ئەنە شۇ كاتېگورىيىگە كىرىدۇ. قاراخانىلار دەۋرىدە قەشقەر مەركەز قىلىنغان مائارىپ ئەنە شۇ پارلاق مىراسلىرىمىزنىڭ مۇھىم نامايەندىلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدە ھەممە ۋىلايەت، ناھىيىلەردە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەر قۇرۇلغان. بولۇپمۇ قەشقەردە مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتى — «مەدرىسەئى ساجىيە» تەسىس قىلىنغانىدى، بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا داڭلىق ئالىملاردىن ھۈسەيىن ئىبىن خەلەپ، سەييىد جالالىدىن باغدادى، خوجا ياقۇپ سۈزۈكى، ھۈسەيىن پەيزۇللا، جامالىدىن قەشقەرى، رەشىدە ئىبىن ئەلى قەشقەرى، ئىمادىدىن قەشقەرى قاتارلىق نۇرغۇن نوپۇزلۇق ئالىملار مۇئەللىملىك قىلدى. «ساجىيە» بىلىم يۇرتىغا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئالىملار، پەيلاسوپلار، تارىخچىلار، شائىر - يازغۇچىلار توپلىنىپ ئىلمىي مۇنازىرىلەر ئېلىپ باراتتى.

«ساجىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ دەرسلىكى ماتېماتىكا، يۇنان پەلسەپىسى، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك ئىلمى، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي روھ ساھەلىرىگىچە كېڭەيدى. تۈرلۈك كاتېگورىيىلەر بويىچە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقات ئەسەرلىرى يېزىلدى. بۇ ئەسەرلەر ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى

# ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| نومۇرى | ھەرپ | ئوقۇلۇشى | يالغۇز | باش | ئوتتۇرا | ئاخىر | نومۇرى | ھەرپ | ئوقۇلۇشى | يالغۇز | باش | ئوتتۇرا | ئاخىر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ا | ئەلىپ | ا | ا | | ـا | 17 | ص | سات | ص | صـ | ـصـ | ـص |
| 2 | ب | بە | ب | بـ | ـبـ | ـب | 18 | ض | زات | ض | ضـ | ـضـ | ـض |
| 3 | پ | پە | پ | پـ | ـپـ | ـپ | 19 | ط | ئىتقى | ط | طـ | ـطـ | ـط |
| 4 | ت | تە | ت | تـ | ـتـ | ـت | 20 | ظ | ئىزغى | ظ | ظـ | ـظـ | ـظ |
| 5 | ث | سە | ث | ثـ | ـثـ | ـث | 21 | ع | ئەيىن | ع | عـ | ـعـ | ـع |
| 6 | ج | جىم | ج | جـ | ـجـ | ـج | 22 | غ | غەيىن | غ | غـ | ـغـ | ـغ |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 7 | چ | چىم | چ | ﭼ | ﭽ | ﭻ |
| 8 | ح | هه | ح | ﺣ | ﺤ | ﺢ |
| 9 | خ | خه | خ | ﺧ | ﺨ | ﺦ |
| 10 | د | دال | د | د | | ﺪ |
| 11 | ذ | ذال | ذ | ذ | | ﺬ |
| 12 | ر | ره | ر | ر | | ﺮ |
| 13 | ز | زه | ز | ز | | ﺰ |
| 14 | ژ | ژه | ژ | ژ | | ﮋ |
| 15 | س | سىن | س | ﺳ | ﺴ | ﺲ |
| 16 | ش | شىن | ش | ﺷ | ﺸ | ﺶ |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 23 | ف | فه | ف | ﻓ | ﻔ | ﻒ |
| 24 | ق | قاپ | ق | ﻗ | ﻘ | ﻖ |
| 25 | ک | کاپ | ک | ﻛ | ﻜ | ﻚ |
| 26 | گ | گى | گ | ﮔ | ﮕ | ﮓ |
| 27 | ل | لام | ل | ﻟ | ﻠ | ﻞ |
| 28 | م | مىم | م | ﻣ | ﻤ | ﻢ |
| 29 | ن | نون | ن | ﻧ | ﻨ | ﻦ |
| 30 | و | واو | و | و | | ﻮ |
| 31 | ه | هه | ه | ﻫ | ﻬ | ﻪ |
| 32 | ى | يا | ى | ﻳ | ﻴ | ﻰ |

ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى بىلەن يېزىلاتتى (3 - جەدۋەلگە قاراڭ).

بىز تۆۋەندە قاراخانىلار مائارىپىنىڭ ئەڭ بۈيۈك نامايەندىلىرىدىن بولغان بىرقانچە ئالىملارنىڭ پېداگوگىكىلىق ئىدىيىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

## 1. ئېنسىكلوپېدىست ئالىم — ئەبۇنەسىر فارابى

ئىلىم - پەن دۇنياسىدا ئارىستوتېلدىن كېيىن ئىككىنچى ئۇستاز دەپ شۆھرەت قازانغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەبۇنەسىر فارابى ھىجرىيىنىڭ 295 - يىلى (مىلادى 870 - يىلى)قاراخانىلارنىڭ يازلىق پايتەختى بالاساغۇن رايونىنىڭ گۈزەل شەھىرى فاراب (ئوترار) دا دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى مۇھەممەت شۇ جايدا ئەڭ ئابرويلۇق ۋە مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. ئالىمنىڭ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرى فاراب شەھىرىدە ئۆتتى ۋە بۇ يەردە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتتى. كىچىكىدىنلا بىلىم خۇمار، تالانتلىق فارابى ئىلىم - پەننىڭ يۇقىرى چوققىسىغا چىقىشقا ئىنتىلەتتى. لېكىن ئۇ چاغدا فاراب شەھىرىدە ھەتتا بالاساغۇن رايونىدا ئۇنىڭ بىلىم ئارزۇسىنى قاندۇرالايدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى ۋە بىلىملىك ئوقۇتقۇچىلار يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. قەشقەردىكى «مەدرىسەئى ساجىيە» ئالىي مەكتىپى يېڭىدىن تەسىس قىلىنغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاشۇ دەۋردىكى ئىسلامىيەت مائارىپىنىڭ ئاتاقلىق مەركىزى — باغدات شەھىرىگە بېرىپ بىلىم ئاشۇردى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشتى. باغداتتىكى ئالىي مەرىپەت مۇھىتى بۇ تالانتلىق ياش ئالىمنىڭ بىلىم چوققىسىغا چىقىش ئارزۇسىغا كەڭ ئىشىك ئېچىپ بەردى. ئەبۇنەسىر فارابى ئالدى بىلەن تىرىشىپ - تىرمىشىپ پارس تىلى، ئەرەب تىلى، گرېك ۋە لاتىن تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازالاي-

دىغان، گرېك تىلىدىكى پەلسەپە ۋە باشقا ئىلمىي ئەسەرلەرنى بىمالال چۈشىنەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتتى. فارابى باغداتتا 40 يىلچە ئىلىم - پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى. بۇ جەريانىدا ئۇ بىرىنچى ئۇستاز دەپ شۆھرەت قازانغان يۇنان پەيلاسوپى ئارىستوتېلنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدى ۋە بۇ ئەسەرلەرگە قارىتا ئىجادىي تەپسىر (ئىزاھ) يازدى.

فارابى باغدات، ھىرات، ھەرران، مىسىر ۋە شام شەھەرلىرىدىكى ھىمايىسىز مۇنبەرلەردە ئىلمىي لېكسىيە ئوقۇدى ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەرگە قاتنىشىپ، كۆپ ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى. ئەرەپ ئالىمى ئەبۇبەكرى بەيھاق (994 — 1065 - يىللار) فارابى 20 خىلدىن ئارتۇق تىل بىلەتتى، دەپ يازغانىدى. فارابى ئىلىم - پەننىڭ تۈرلۈك كاتېگورىيىلىرى بويىچە 200 پارچىغا يېقىن ئەسەر يازدى. بۇ ئەسەرلەر پەلسەپە، لوگىكا، ماتېماتىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، مۇزىكا، سىياسىي تۈزۈم، پەزىلەت ۋە بەدىئىي ئەسەر نەزەرىيىلىرى قاتارلىق كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىر مەلۇم بولغان فارابى ئەسەرلىرىنىڭ 119 خىل بىبلىوگرافىيىسى (ئىسىملىكى) ئۇنىڭ ھەقىقەتەن ئېنىسىكلوپېدىك ئۇلۇغ ئالىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

كېيىنكى زامانلاردا ياۋروپالىقلار فارابى ئەسەرلىرىنى «ئەل فارابىۇس» تەخەللۇسىدا گرېك ۋە لاتىن تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدى ۋە فارابىشۇناسلىق تەتقىقاتىنى ئېلىپ باردى. ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى خەللىكان فارابىنى «ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ئۇنىڭغا تەڭلىشەلەيدىغان ھېچكىم يوق» دەپ باھالىغانىدى. سامانىيلار شاھى ناسىر سامانى فارابىنى «ئىككىنچى ئۇستاز» (ئارىستوتېلدىن كېيىن) دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىدى ۋە فارابى ئەسەرلىرىنى ئاشۇ تەخەللۇس بىلەن نەشىر قىلدۇردى.

مەشھۇر قانۇنشۇناس ۋە مەنتىقشۇناس ئەل ئامادى (1156—

1233) فارابىغا باھا بېرىپ مۇنداق يازغان: «فارابى ئەڭ كەمـ
تەر ۋە كىچىك پېئىل زات ئىدى. مەنسەپ ۋە مال - دۇنيانى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئۇ دەمەشىقتە بىر چوڭ باغقا قاراۋۇلچى
بولۇپمۇ ئىشلىگەن. كېچىلىرى قاراۋۇل پانۇسلىرىنىڭ نۇرىدىن
پايدىلىنىپ كىتاب كۆرەتتى ۋە يازاتتى. ئەنە شۇنداق ئىجتىھات قىـ
لىپ ئۆگىنىپ ئاخىرى ئۆز زامانىسىنىڭ كاتتا ئەللامەسى
مۇقامىغا يەتكەن. فارابى پەلسەپە ئىلمى توغرىسىدا ئەڭ مۇكەمـ
مەل تەرىپ بەرگەن. ئۇ شۇنچە تولغان ئىلمى ھېكمەت ئىگىسى
بولسىمۇ يەنىلا مەغرۇرلۇقتىن خالى ئىدى. بىر كىشى ئۇنىڭدىن:
— بىلىم جەھەتتە سىز چوڭمۇ، ئارىستوتېلمۇ؟ — دەپ
سورىغاندا ئۇ جاۋابەن:
— ئەگەر مەن شۇ زاماندا ياشىغان بولسام ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ شاـ
گىرتلىرىدىن بولار ئىدىم، — دېگەن. فارابى ئارىستوتېلنىڭ ‹ئەس ساما›
ناملىق فىزىكا كىتابىنى ئاز دېگەندە قىرىق قېتىمچە ئوقۇغانىكەن».
بەھرىل جاۋاھىرە (« دېڭىز ئۈنچىلىرى ») ناملىق كىـ
تابتا نەقىل كەلتۈرۈلۈشىچە، فارابى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ پەزىـ
لەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:
« بىلىم ئىزدىگەن ۋە ئۆگىنىش ئارزۇسىدا بولغان ھەرـ
قانداق كىشى ياش، تېمەن، زېھنى ئوچۇق، ساغلام ۋە چىدامـ
لىق بولۇشى؛ خۇش پېئىل، راستچىل ۋە ئىخلاسچان كېلىشى؛
رىياكارلىقتىن ۋە پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن خالى بولۇشى؛
پۈتۈن زېھنى قۇۋۋىتىنى ئىلىمغا بېغىشلىشى زۆرۈر. چۈنكى،
بىلىم ئەھلى باشقا ھەرقانداق مەنپەئەتنى ئېتىبارغا
ئالمايدۇ ... »
فارابى ئىنساننىڭ بۇرچى توغرىسىدامۇنداق يازىدۇ:

يىراق يۇر بولسا باتىل، سۆزى يالغان،
ھەقىقەت تارقىتىپ كەت بولسا ئىمكان:

بىزگە دۇنيا بولمىدى ئابادە ئۆي،
كەلمىگەچ تەڭ بۇ ئۇلۇغ ھېچبىر ئىنسان.

فارابى ئەسەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ① بولسىمۇ، لېكىن ئىلگىرىكى ئۆلىما - مۇدەررىسلىرىمىز ئەرەبچىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە فارابى ئىدىيىسىنى دەرس شەكلىدە تونۇشتۇراتتى.

فارابى ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئىسىم تەرجىمە تىزىملىكى تۆۋەندىكىچە:

پىلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپە ئاساسلىرى

ئۇلۇغ ئەخلاق - پەزىلەت

«گېئومېترىيە ۋە ئاسترونومىيە» ھەققىدە ئىزاھ

ئارىستوتېلنىڭ «پەلسەپىدىكى ئېنىقسىزلىقلار» ناملىق كىتابىغا ئىزاھ

پەلسەپىدىكى ئىخچاملىق — لوگىكا

پەلسەپىدىكى چوڭ لوگىكا

قىياس ھەققىدە

لوگىكا چۈشكۈنلۈكى

قىياس شەرتلىرى ھەققىدە

پەلسەپە دەلىللىرى توغرىسىدا

پەلسەپە مۇنازىرىلىرى ھەققىدە

مەۋجۇدىيەتنىڭ مۇقەددىمىسى ھەققىدە

ئالەم بوشلۇقى توغرىسىدا

ئەفرۇدنىڭ «جان» ناملىق ئەسىرىگە ئىزاھ

ئىلىم - پەننىڭ چېكى ۋە تەرتىپى توغرىسىدا

① ئەينى زاماندا ئەرەب تىلى ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ ئورتاق تىلى ھېسابلىناتتى.

پىلاتون ۋە ئارىستوتىلنىڭ ئىككى پەلسەپىسى ھەققىدە
مەدەنىيەت توغرىسىدا
ئۇلۇغ تەپەككۇرنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا
سۆز ۋە يېزىق توغرىسىدا
بۈيۈك مۇزىكا دەستۇرى
ئۇرۇشنىڭ چېكى توغرىسىدا
ئۇرۇشقا سەۋەب بولىدىغان سۆز نەقلى توغرىسىدا
ئىنسانىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا
ئەدەبىيات مۇنازىرىسى ھەققىدە بىننى راۋەندىگە رەددىيە
تەڭرىنىڭ بىرلىكى ۋە ئېتىقاد توغرىسىدا
ئۇپۇق، ئوربىتا ۋە ئالەمنىڭ مىقدارى ھەققىدە
تەبىئىي ۋۇجۇدنى ئۆزگەرتكۈچى مەۋجۇدىيەتلەر ھەققىدە
بەقرات ۋە پىلاتون تەپەككۇرىدىكى بىردەكلىك
بەختنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا
بۆلۈنىدىغان ۋە بۆلۈنمەيدىغان شەيئىلەر توغرىسىدا
جىن - شەيتانلار ھەققىدە
مەدەنىي سىياسەتلەر توغرىسىدا
مەۋجۇدىيەتنىڭ پەيدا بولۇش ئورنى
مىللەت ۋە مەدەنىي - مائارىپ توغرىسىدا
پەلسەپىدىكى ئېنىقلىما (20 توملۇق يىرىك ئەسەر)
ھەربىي قوماندانلار توغرىسىدا
تۇرمۇش ۋە ئۇرۇش توغرىسىدا
يۇقىرى ئالەم تەسىرلىرى توغرىسىدا
ئاسترونومىيە قانۇنلىرى ھەققىدە
ئىجتىمائىي ھايات توغرىسىدا
چۈش توغرىسىدا



AltunOq

يېزىقچىلىق سەنئىتى توغرىسىدا
ھايۋانلارنىڭ ئەزا تۈزۈلۈشى توغرىسىدا
شېئىر ۋە قاپىيە توغرىسىدا
پەلسەپىدىن بۇرۇن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ساۋات
ئارىستوتېلنىڭ تەپەككۇرى توغرىسىدا
مەدەنىي جەمئىيەت توغرىسىدا
ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرى
ئىلىم - پەن ئەھلىنىڭ خورلىنىشى توغرىسىدا
ئاسمان ( مۇئەللەق) ۋە ھاۋانىڭ رەڭلىكى توغرىسىدا
خىمىيە سانائىتىنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىلارغا رەددىيە
ئارىستوتېلنىڭ « مېتافىزىكا » ناملىق كىتابىدىكى بەزى ئېنىقلىمىلار توغرىسىدا
ئارىستوتېلنىڭ لوگىكىسىغا ھاشىيە
مۇقەررەرلىكنىڭ شەرتلىرى توغرىسىدا
روھنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا
شەيئىلەر ھەققىدە تەبىئەت ماھىيىتىدىن ئاڭلاش مۇمكىن بولغان مەسىلىلەر توغرىسىدا

يۇقىرىقىلار فارابى ئەسەرلىرى تىزىملىكىنىڭ ئازلا بىر قىسمى. ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي، پەلسەپە قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدىلا تەتقىقات يۈرگۈزۈپ قالماي، بەلكى كائىناتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگىچە تەھلىل يۈرگۈزگەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ «مىللەت ۋە مائارىپ» سەرلەۋھىلىك ئەسىرى ۋە مۇزىكاشۇناسلىق ھەمدە شېئىرىيەت سەنئىتى ھەققىدىكى ئەسەرلىرىدە تەلىم - تەربىيىنىڭ ئىنسان ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى رولى توغرىسىدا قىممەتلىك تەپەككۇرلار چاقناپ تۇرىدۇ.

## 2. ئاتاقلىق ئالىم ۋە تىلشۇناس
## مەھمۇت قەشقەرى

مەھمۇت قەشقەرى قاراخانىلار مائارىپى تازا گۈللەنگەن چاغدا گۈزەل ئوپال كەنتىدە① مىلادىنىڭ 1028 - يىللىرى ئەتىراپىدا مەرىپەتلىك ئائىلىدە تۇغۇلغان. قەشقەرنىڭ ئوپال كەنتى ئەينى زاماندا كەڭ باغۇ بوستانلىق، ساپ ھاۋالىق جاي ئىدى.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانىسى پاراسەتلىك ۋە بىلىملىك ئايال② بولۇپ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. مەھمۇت قەشقەرى ئۆزىنىڭ مەرىپەتلىك ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدە ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا تۈگەتتى. كېيىن قەشقەردىكى خانلىق مەدرىس (مەدرىسەئى ساجىيە) گە كىرىپ چوڭ ئالىم ۋە مەشھۇر پېداگوگ ھۈسەيىن خەلەپ ئاتلىق ئوقۇتقۇچىدا ئوقۇدى. ئۇ بۇ يەردە پارس، ئەرەب تىلى گراماتىكىسىنى، لوگىكا ۋە پەلسەپە ئىلمىنى، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيىنى، تىببىي ئىلمىنى ھەم ئەدەبىيات تارىخىنى پىششىق

① ئوپال — قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 45 كىلومېتىر كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان ۋە پامىر ئېتىكىدىن ئورۇن ئالغان، ھاۋاسى ساپ، تەبىئىي مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل بىر جاي.

② ئالىمنىڭ ئانىسى بۈبى رابىيە ئۆز زامانىسىدا ئوقۇمۇشلۇق ئايال ئىدى. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يېتىلىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ھۈسەيىن بىننى مۇھەممەت ۋە بوۋىسى مۇھەممەت بىننى يۇسۇپمۇ زامانىسىدا ئاتاقلىق كىشىلەر ئىدى. ئانا تەرەپ بوۋىسى سەھىپىدىن تېخىمۇ بىلىملىك كىشى ئىدى.

ئۆگەندى①. كېيىن ئۇ، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا دالىلىرىنى كېزىپ يۈرۈپ، نۇرغۇن يىللار ئەمەلىي ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇ مۇشۇ ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىدىن كېيىن «يىرىك قامۇس» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان مەشھۇر «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئۆلمەس ئەسىرىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل ئابروي قازانغان كاتتا ئەمگىكى ئۇنىڭ ئون يىللىق ئىلمىي تەكشۈرۈش ساياھىتى ۋە ئىككى يىللىق (1072 — 1074) پەششىقلاپ ئىشلەش ئەمگىكىنىڭ شانلىق مېۋىسى بولدى.

تۈركىيلىك تۈركولوگ ۋە داڭلىق ئالىم بەسىم ئاتالاي «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ھازىرغىچە تۈركىي تىللاردا بۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرەرمۇ ئەسەر كۆرۈلۈپ باقمىغان. بۇ ئەسەر يېگانىدۇر...»

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دەك نادىر ئەسەرنى يېزىش يولىدا، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تۈرك، تۈركمەن، ئوغۇز، چىگىل، ياسمىل، ياغما، قىرغىز قاتارلىق تۈركىي قەبىلىلىرىنىڭ مىڭلىغان كەنت، ئاۋۇل ۋە مەھەللىلىرىنى ئارىلاپ، ئۇلارنىڭ تىلىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، ئېتنوگرافىيىسى (كېلىپ چىقىش مەنبەسى) نى، تارىخىنى، جۇغراپىيىۋى جايلىشىشىنى، مەدەنىيىتىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىققانلىقى — ئۇنىڭ بۇ جاپالىق ئىجتىھادى، ئۇنىڭ مۈلكى سەردار ياكى ھەربىي سەركەردە بولۇشقا ھەۋەس قىلماي، ئىلىم - مەرىپەتنى گۈللەندۈرۈش يولىغا ئۆزىنى پىدا قىلغان ئۇلۇغ مەرىپەتچى ۋە خەلقپەرۋەر ئۇلۇغ ئالىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىدە: «... ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈت-

① مەھمۇت قەشقەرى مىلادىنىڭ 1118 - يىلى ئوپالدا «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە» ناملىق يۇقىرى دەرىجىلىك مەكتەپ تەشكىل قىلىپ، ئۆزى سەككىز يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى تاكى ۋاپات بولغۇچە داۋاملاشتۇرغان. مەھمۇت قەشقەرى 1126 - يىلى 97 يېشىدا ئانا يۇرتى ئوپالدا ۋاپات بولغان.

مەس - تۈگىمەس بىر بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ... بۇكىتاب-
نى يېزىپ چىقتىم ... » دەيدۇ. ھەقىقەتتىمۇ بۇ ئۇلۇغ كىتاب
ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان پۈتمەس - تۈگىمەس بايلىق.
ئۇ شۇنداقلا مىليونلىغان ئەۋلادلارنىڭ ئىپتىخارى.

مەھمۇت قەشقەرى تىلشۇناسلىقنىڭ تۇنجى ئۇستازى، جاھان تۈركولوگىيە پېنىگە ئاساس سالغۇچى بۈيۈك ئۇستازدۇر. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن ئىبارەت بۇ كاتتا قامۇس ئىنتايىن كەڭ ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدا ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، ئادەم فىزىئولوگىيىسى، تۇرمۇش، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، قورال - سايمان، ھايۋانات، تاش - مەدەن، تاغ-دەريا، قاتناش ساۋاتلىرى، ماقال - تەمسىللەر، تارىخىي رىۋايەتلەر. كىشىلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلارغىچە كەڭ مەلۇمات بېرىلگەن. بىز يەنە «دىۋان» غا كىرگۈزۈلگەن ئەقلىيە سۆزلەر، شېئىر - قوشاق، تەمسىللەر ئارقىلىق بۇ بۈيۈك ئالىمنىڭ مەرىپەت ئىدىيىسىنى، دىداكتىك كۆز قارىشىنىمۇ ئوچۇق كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ھەقتە بىز «دىۋان» دىن بىرنەچچە نەمۇنە كۆرسەتسەك كۇپايە:

△ قۇت بەلگىسى بىلىك.
(بەخت - سائادەت بەلگىسى بىلىمدۇر).
△ ئەرمۇگە بۇلۇت يۈك بولۇر.
(ھورۇنغا بۇلۇتمۇ يۈك بولىدۇ).

مەرىپەتلىك قوشاقلار ۋە پەندى - نەسىھەتلەر.

△ ئوغلۇم ساڭا نەسىھەت:
پەزىلەتنى مىراس قىل؛
بىلىملىككە يېقىنلاش،
دائىم ئۇنى ئۇستاز قىل.
△ مەندىن نەسىھەت ئوغلۇم پەزىلەت يارات،

ئەلدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ ئىلىمگىنى تارات.

△ كۆپلىگەن پەزىلەت ئىگىلىرى ۋە بىلىمى تاغدەك دانالار ئالەمدىن كەتتى، ئۇلارنىڭ بىباھا سۆز - ھېكمەتلىرى ھېلىمۇ دىلىمنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ.

△ بىلىملىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلە، سۆزىگە ئاشىق بول، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىنى ئۆگەن، ئەمەلىيىتىڭدىمۇ شۇنداق بول.

△ ئىلىم - ھېكمەت ئىزدە؛ لېكىن مەغرۇرلانما. نادانلار ماختىنار، سىناقلاردا مات بولار.

△ مەرىپەت سۆيگۈچى ھەرگىز مال - دۇنياغا ھېرىسلىق قىلمايدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يەنە پەزىلەتلىك بولۇش، ئەمگەك سۆيۈش - ۋاپالىق بولۇش، جاسارەتلىك بولۇش توغرىسىدىكى تەلىم - تەربىيە ئىدىيىلىرىمۇ قەدىمكى ماقال - تەمسىللەر، قەدىمكى قوشاقلار ئارقىلىق نۇرغۇن سىڭدۈرۈلگەن.

مەسىلەن:

△ ئەمگەك ئەكىندە قالماس (ئەمگەك بوشقا كەتمەيدۇ).

△ ئارپىسىز ئات قىر ئاشالماس، ياردەمچىسىز پالۋان سەپ يارالماس.

△ كېڭەشلىك ئىش ئوڭۇشلار، كېڭەشسىز ئىش بۇزۇلار.

△ تۈگمەندە تۇغۇلغان چاشقان ھاۋانىڭ گۈلدۈرىدىن قورقماس.

△ ياقىسىدىكىنى يالايمەن دەپ، قولىدىكى تاۋىقىدىن ئايرىلىپتۇ.

△ كۆسەي ئۇزۇن بولسا قول كۆيمەس.

△ ئۆي بولىدىغان كالا موزاي چېغىدا بىلىنىدۇ.

△ ھاجەتمەن مېھمان ئالدىڭغا كەلسە، سەن ئۇنى كۈتكۈزمە، تەييار ئېشىڭنى ئالدىغا كەلتۈر.

△ مېھماننى ئىززەتلە، داڭقىڭنى ئەلگە يايسۇن.

△ بېخىل - پەسكەش، يـارىماس ئادەم ـــ مال - دۇنـ-
يانىڭ ساقچىسى، ئۇ يېمەي - ئىچمەي يىغىدۇ، ئـاخىر ئۆزگىگە
قالىدۇ.

### 3. ئۇيغۇر كلاسسىك ماﺋارىپىنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى يۇسۇپ خاس هاجىپ ۋە ئۇنىڭ ماﺋارىپ ئىدىيىسى

ئۇيغۇر ماﺋارىپ تارىخىدا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس
هاجىپ ۋە ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى ـــ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى
ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. يۇسۇپ خاس هاجىپ قاراخانـ-
لار ماﺋارىپىنىڭ تازا گۈللەنگەن ۋە ئـۆزى ئـورددا خاس هاـ-
جىپلىق (ئوردا ۋەزىرلىك) ۋەزىپىسىگە تېخى قويۇلمىغان مەزگىلـ-
لەر (1070 ـــ 1609 - يىللار) دە مەشھۇر «قۇتادغۇبىلىك» داستاـ-
نىنى يازغان ۋە ئۇنى بۇغرا قاراخان ئەبۇئەلى ھەسەن بىننى سۇـ-
لايمانغا تەقدىم قىلغان. بۇ كـاتتا ئەسەرنى يـازغان چاغدا يۇـ-
سۇپ خاس هاجىپ خېلى ياشىنىپ قـالغـانىدى. داستـانغا قىسـ-
تـۇرۇپ كەتكەن تۆۋەندىكى ئىزاھلاردىن بۇ نـۇقتا مەلۇم بولۇپ
تـۇرىدۇ:

«... ئۇرلۇق بـاھـار پەسلىدەك چېچەكلىك ئىدىم، غازاڭلارمۇ
چۈشتى، ھەممە قۇرۇدى. قېيىندەك مـۇستەھكەم، ئوقتەك تۈز ئىـ-
دىم، يادەك ئەگرى بولۇپ، مۈكچىيىپ قالدىم...»

قۇتادغۇبىلىك 82 باب، 6444 بېيىت، 13 مىڭ 288 مىسرادىن
قۇرۇلغان چوڭ ھەجىملىك دىداكتىك داستان. بۇ كـاتتا ئـەسەر
پەلسەپە، تـارىخشۇناسلىق، دۆلەت - قـانـۇن (ھـوقۇقشۇناسلىق)،
جەمئىيەتشۇناسلىق، ماﺋارىپ، تىبابەت، جۇغراپىيە، تەبىئەت، ماتېـ-
ماتىكا، ئاسترونـومىيـە، دىپلوماتىيە، تىل - ئـەدەبىيات ۋە ھەرـ-
ھەي ئىلىم قاتارلىق ئۇنىۋېرسال مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئەسەرنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىغا ئىلىم - مەرىپەت مەدەنىيىسى سىڭدۈـ-
رۈلگەن. بۇ نۇقتا ئەسەرنىڭ نامىدىنلا ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇـ-

رىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» — بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ شۆھرىتى ئۆز زامانىسىدا ھەر تەرەپكە داڭ كەتكەن. ھەرقايسى ئەل كىشىلىرى ئۇنى ئۇلۇغلاپ ھەر خىل ناملارنى بەرگەن. بەزى شەرق ئەللىرى ئۇنىڭغا «زىننەتۇل ئۇمەرا» (ئەمىرلەر زىننىتى) دەپ نام بەرسە، ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈرك» (تۈركلەر شاھنامىسى) ياكى بەزىلەر «پەندنامەئى تۈرك» (تۈركلەر نەسىھەتنامىسى) دەپ نام بەرگەن.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ پۈتۈن مەزمۇنى تۆت مۇھىم شەخسنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچىسى كۈنتۇغدى (پادىشاھ — ئادالەت ۋە قانۇن سىمۋولى)؛ ئىككىنچىسى ئايتولدى (ۋەزىر — بەخت ـ سائادەت سىمۋولى)، ئۈچىنچىسى ئۆگدۈلمىش (ۋەزىرنىڭ ئوغلى — ئەقىل ـ ئىدرەك سىمۋولى)؛ تۆتىنچىسى ئودغۇرمىش (ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى — قانائەتنىڭ سىمۋولى) بولۇپ، ئەسەرنىڭ پۈتۈن ماھىيىتى مۇشۇ تۆت شەخسنىڭ مۇنازىرە كۆرەشلىرى ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. بىلىم، ئادالەت، پەزىلەت، ۋە چىدام ـ غەيرەت خىسلەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ گۈزەل غايىسى ھېسابلىنىدۇ. تەلىم ـ تەربىيىنىڭ تۈپ مەقسىتى ئادەملەرنى ئاشۇ غايە بىلەن يېتىلدۈرۈپ بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى نىشان قىلىدۇ.

تۆۋەندە بىز «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مائارىپ ئىدىيىسى توغرىسىدا بىرقانچە مىسال كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

△ بىلىمنى ئۇلۇغ، ئەقىل ـ ئىدراكنى بۈيۈك بىل، بۇ ئىككىسى ئىنسان مەرتىۋىسىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

△ بىلىمنى نېمىشقا بىلىم دېگەنلىكىنىڭ مەنىسىنى بىل. چۈنكى، بىلىم ئىگىسىدىن كېسەل يىراقلىشىدۇ؛ بىلىم ـ مەشئەلدۇر، مەشئەل يورۇسا كىشى كېچىدىمۇ يولدىن ئازمايدۇ.

△ ئىشىڭنى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بىلەن ئىشلە؛ زاما-

تەڭنى بىلىم بىلەن مۇستەھكەملە.

△ بىلىم ئال، ئۆزۈڭگە تۆردىن ئورۇن ھازىرلا، ھەرقانچە بىلسەڭمۇ يەنە ئۆگەن، يەنە ئىزدەن؛ قارىغىنكى، بىلىملىك كىشىلەر سورا، ئۆز تىلەكلىرىگە يېتىشكەن.

△ ئادەم بەربىر ئۆلىدۇ؛ بىلىم ئىگىلىرىنىڭ سۆزى ئۆلمەيدۇ.

△ ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ: بىرى بىلىم، بىرى پەزىلەتلىك سۆز.

△ ئەي ئوغۇل، مەندىن ساڭا ئالتۇن، كۈمۈش قالسىمۇ، سەن ئۇنى مەندىن ساڭا قالغان مەرىپەتكە تەڭ كۆرمە.

△ كىشى بىلەن كىشى ئوتتۇرىسىدا پەرق كۆپ، ئەڭ چوڭ پەرق بىلىمدە.

△ ئالەمدىكى ھەممە ياخشىلىق بىلىمدىن كېلىدۇ، بىلىم بىلەن كىشىلەر ئاسمانغا يول ئاچالايدۇ.

△ بىلىم ئەھلى ئۆز بىلىمى بىلەن كىشىلەرگە مەرىپەت چاچمىسا، ئۇنىڭ بىلىمى نۇرسىز قالىدۇ.

△ جاھان تۇتقۇچى ئەر پاراسەتلىك بولسا، جاھان مۇستەھكەم بولىدۇ؛ بىلىملىك بولسا، مەملىكىتى كۈچلۈك بولىدۇ. مۇشۇ ئىككىسى بىرلەشكەن كىشى كامالەت تاپىدۇ. كامىل كىشى ھەممە نېمەتكە ئىگە بولىدۇ.

پەزىلەت توغرىسىدا

△ سەممىيەت ئىنساننى يۈكسەلدۈرىدۇ، ئىنسان ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.

△ كىشىگە ئادىل بول، ئادىل كىشىنىڭ ھەر بىر پەيتى بەختلىك بولالايدۇ.

△ نەپسانىيەت ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئوتقا ئاتما، ھاۋايى-ھەۋەستىن بۇلغانما.

△ ئاچكۆز كىشىلەرگە ئىش تاپشۇرما، ۋاپاسىز كىشىلەرگە ئاش - تاماق بەرمە.

△ دۇنيا بىر تېرىلغۇ ئېتىزىدۇر، ئەمگەك بىلەن دان تېرىساڭ، ھايات ئوزۇغى ئالىسەن.

△ قوپال سۆزنى تىلىڭدىن چىقارما، قوپال - تىل يالقۇنجىغان ئوت.

△ ھارامغا ئارىلاشما، ئۆكتەم بولما، ئۆچ ئالما.

△ ھاراق ئىچمە، پىتنە - پاساتتىن نېرى قاچ!

△ مەنسەپ ئىگىسى بىلىملىك، دانا، كۆزى توق، كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولۇشى لازىم.

△ ئاچكۆز تويمايدۇ، ئۇنىڭ نەپسىگە دۇنيانىڭ ئاش - تامىقى يېتىشمەيدۇ.

△ يالغانچى ۋاپاسىز كېلىدۇ، ۋاپاسىز كىشى خەلققە بەخت كەلتۈرمەيدۇ.

△ مەنسەپدارنىڭ مىجەزى تەرسا بولسا، ئىش تەتۈرگە ماڭىدۇ، خۇشاللىقى قايغۇغا ئايلىنىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدىن بىرى بولغان ھاراق - شارابنىڭ زىيىنى توغرۇلۇق تۆۋەندىكىدەك ئاگاھلاندۇرىدۇ:

... ئۇچىنچى، ھاراققا بولۇش مۇپتىلا،
بۇ ئەر ئۆمرى شەكسىز كېتەر بوشقىلا.
ھاراق ئىچسە ئالىم ئىلىمسىز بولۇر،
ئىلىمسىز مەست بولسا نېمىلەر قىلۇر؟

بىز بۇ يەردە ئىپتىخارلىق بىلەن تىلغا ئالىمىزكى، «قۇتادغۇبىلىك» ئىچىدە باشتىن - ئاياغ ئىزچىل سىڭدۈرۈلگەن «بىلىم — كۈچ؛ بىلىم — بەخت قورالى؛ بىلىم — ئىنسان قەدىر - قىممىت-

نىڭ ئۇلى...» دىن ئىبارەت خىتابلار مەڭگۈ ئۆلمەس ھەقىقەتتۇر. مۇتەللىپ ئۆز ئەسىرىدە كىشىلەرگە بالىلىق مەزگىلىدىن باشلاپ ئەقلىي تەربىيە، ئەخلاقىي تەربىيە، جىسمانىي تەربىيە، ھۈنەر - ماھارەت تەربىيىسى، گۈزەللىك تەربىيىسى قاتارلىق ئەتراپلىق تەلىم - تەربىيە بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكرار تەۋسىيە قىلىدۇ. مانا بۇلار ئەسەردە باشتىن - ئاخىرغىچە چاقناپ تۇرىدىغان پارلاق ئىدىيىدۇر. ئەسەردە يەنە دۆلەتنى ئىلىم - پەن بىلەن باشقۇرۇش، دۆلەت ۋە جامائەت ئىشلىرىغا قابىل بىلىملىك ۋە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى قويۇش، بىلىم ئەھلىنى سۆيۈش، ئىلمىي ئىجادىيەتكە كەڭ مەدەت بېرىشنى تەكرار جېكىلەيدۇ، مەرىپەتشۇناسلىققا ئائىت بۇ ئۇلۇغۋار تەشەببۇسلار ھازىرمۇ رېئال قىممەتكە ئىگە. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا مۇئەللىپ يەنە ئىجتىمائىي تەبىقىلەر، ئىجتىمائىي ھايات، مالىيە - ئىقتىساد، خارجى ئىشلار، ھەربىي ئىشلار، سىياسىي خىزمەت، قەھرىمانلىق جاسارىتى، «مۇكاپات ۋە جازا» ھەمدە قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق كەڭ مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ چوڭقۇر تەھلىل ئېلىپ بارىدۇ. ئەسەرنىڭ نەزمە يەشمىسى ئاساسىدا يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا ئالاقىدار بىر قىسىم مىساللارنى كۆرۈپ باقايلى:

ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەسلىك توغرىسىدا

ھەۋەسنى ئەقىل بىرلە باسقىن ئۇتۇپ،
بىلىم بىرلە يانچىغىن نەپسىڭنى تۇتۇپ.

تۈزۈلمەس تىلەسەك، ھەۋەس بويىنىن كەس،
تۈزۈلۈر ئەگرىلىك گەر ئۆلسە ھەۋەس.

ئۆزەمچىلىك — مەنمەنچىلىكنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا

ئېغىر يۈك كىشىگە ئۆزەمچىل قىلىق.
ئۆزەمچىل قىلىقتا ئوق ئات، قارشى چىق.

يېڭى قىلمىغاننى شۇ قىلىق قىلار،
يېڭىدىن بۇ يېڭى نېچۈك پەرقلىق؟

ئەقىل - ئىدراك، پاراسەت ۋە بىلىمنىڭ ئۇلۇغلۇقى توغرىسىدا

بىلىم بايلىق ئول، گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

ئەقىلدىن بۆلەككە ھۆرمەت بولمىغاي،
ئەقىلسىز ئادەم ئۇ، بىر ئوچۇملا لاي.

ئەقىل كىمدە بولسا بولۇر ئۇ ئىسىل،
بىلىم كىمدە بولسا بولۇر خان ئۇ، بىل.

ئەقىل بىر چىراغدۇر، كۆزى يوققا كۆز،
ئۆلۈك تەنگە جان ئول، گاچا تىلغا سۆز.

كىچىك پېئىللىقنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە تەكەببۇرلۇقنىڭ يامان-
لىقى توغرىسىدا

كىچىك پېئىل ئۇلۇغلۇق - سۈرەر كۆپ زامان،
تەكەببۇرغا تەگمەس ئۇلۇغلۇق ھامان.

سۆيۈلەر ئەل ئىچرە كىچىك دىل كىشى،
سۆيۈلمەس تەكەببۇر، يېرىك دىل كىشى.

**مەنسەپدارلارنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا**

كۆزى توق، ھايالىق، نازۇكلۇق كېرەك،
تۆمەن خىل بىلىم ۋە زېرەكلىك كېرەك.

دىلى بولسۇن ھەممە كىشىگە كىچىك،
تىلى بولسۇن يۇمشاق، شەكەردەك چۈچۈك.

ئەگەر بولسا بەگلەر زالىم ھەم يامان،
چىقار ئىشلار تۈز يولدىن ھامان.

**بىلىمنى ۋە بىلىم ئەھلىنى قەدىرلەش توغرىسىدا**

يوق بولسا جاھاندا ھېكىم — ئىلىملىك،
تېرىپ، ئۆنمەس ئەردى يەردە يېڭۈلۈك.

ئۇلار ئىلمى بولدى جاھاندا چىراغ،
يول ئازماس كىچىدە يورۇسا چىراغ.

قاتتىق سۆي ئۇلارنى قەدىرلە سۆزىن،
تولا ياكى ئازدۇر ئۆگەن ئۇلار بىلگىنىن.

ئۇلار قوي پادىسى ئىچرە سەركىدۇر،
ئۇ باشلاپ ماڭسا قوي تۈز يولغا يۈرۈر.

**پەرزەنتلەرگە تەلىم - تەربىيە بېرىشتە ئاتا - ئانىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى توغرىسىدا**

تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز - ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيەچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

ئوغۇل - قىز خۇي - پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا - ئانا ئۇلارنى هامان.

ئۇياتلىق ۋە نومۇس پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

كىشىنىڭ سەرخىلى ئۇياتلىق كىشى،
ئۇياتلىق كىشىدۇر كىشىلەر بېشى.

ئۇياتلىق كىشىگە پۈتۈن ئىشنى بەر،
ئۇياتلىق جاھالەت ئىشىگىن ئېتەر.

ئۇياتسىز - نومۇسسىز كىشىلەرنىڭ ماهىيىتى توغرىسىدا

ئۇياتسىز كىشىدۇر كىشى رەزىلى،
دۇرۇست سۆز سۆزلىمەس ئۇياتسىز تىلى.

بىر گۆشسىز سۆڭەكتۇر ئۇياتسىز يۈزى،
ئېتىلمەس تۆشۈكتۇر ئۇياتسىز كۆزى.

تىل — سۆزنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا

ئۆزۈڭنى كۆزەت بەك، ياخشى سۆزلىگىل،
سورالغاندا سۆزلە، يەنە قىسقا قىل.

كۆپ ئاڭلا بۇ سۆزنى تولا سۆزلىمە،
بىلىم بىرلە سۆز تۈز، ئىشلەتكىن ئەقىل.

كۆيەر ئوتقا ئوخشار كېرەكسىز سۆزۈڭ.
ئېغىزدىن چىقارما كۆيەرسەن ئۆزۈڭ.

### ئاچكۆز — خىيانەتچىلەر توغرىسىدا

خىيانەت قەيەرگە گەر باسسا ئاياغ،
قاچار پايدىلىق ئىش ھەممىسى يىراق.

خىيانەتچى نەگە قول سۇنسا ئەگەر،
دىڭىزمۇ سۇسىزلار، قۇرۇپ كېتەر يەر.

### شەخسىيەتچى، چېقىمچى ۋە پىتنە - پاساتچىلارنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا

قېتىلما ئىككى خىل ئەرگە، يىراق تۇر،
قېتىلساڭ كۆرەرسەن چاتاق چىقىرۇر.

بىرىدۇر چېقىمچى، پىتنە - پاساتچى،
بىرى ئىككى يۈزلۈك شەخسىيەتچى.

### ئادىل قانۇن ۋە قانۇننىڭ ئادالەتلىكى توغرىسىدا

ئادىل قانۇن كۆكتە — بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
ئۇ قانۇن بۇزۇلسا، ئاسمان يىقىلۇر.

يوق ئەرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات ئاسماننى بۇزاتتى خۇدا.

قىلىپ ئادالەت بىلەن ھەر ئىشىن،
ئايرىماي بەگ يا قول دەپ ھېچكىشىن.

ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

زالىم بەگ سۈرەلمەس بەگلىك دەۋرىنى،
كۆتۈرمەيدۇ خەلق ئۇنىڭ زۇلمىنى.

ئەل ئارتار، قانۇن بىرلە تۈزۈلۈر جاھان،
زۇلۇم بىرلە خوراپ ئەل، بۇزۇلۇر زامان.

### 4 . ئەدىب ئەھمەتنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى

ئەدىب ئەھمەت قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشىغان ئاتاقلىق ئوقۇتقۇچى، شائىر ۋە زامانىسىنىڭ مەشھۇر مۇتەپەك- كۇرى ئىدى. ئۇنىڭ « ئەتەبەتۇل ھەقايىق » ( ھەقىقەتلەر بو- سۇغىسى ) ناملىق دىداكتىك ئەسىرى ئۇيغۇر ماائارىپ تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

« ئەتەبەتۇل ھەقايىق » — جەمئىي 14 باب، 484 مىسرادىن تەركىب تاپقان، باي پىداگوگىكىلىق مەزمۇنغا ئىگە داستان. ئەسەرنىڭ ماائارىپ ئىدىيىسىنى تۆۋەندىكى قىسقا مىساللار بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتىمىز :

بىلىم - مەرىپەت توغرىسىدا

△ بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىنار ( ئالتۇن - تىللا )؛ بى- لىمسىز نادان — قىممىتى يوق ياماق، پاخال.

△ ئىنساننىڭ زىننىتى — ئەقىل.

△ بىر بىلىملىك مىڭ نادانغا تەڭ.

△ تۇرلۇك - تۈمەن ئىشلاردا نادانىنىڭ كۆرگۈلۈكى پۇ- شايمان؛ ئۇنىڭغا پۇشايماندىن ئۆزگە قىممەت يوق.



AltunOq

△ ئەدەب - ئەخلاقنىڭ بېشى — تىل،

△ كىشىنى تىل بىلەن ئازابلىما، بىلگىنكى، تىغ يارىسى ساقىيىدۇ، تىل يارىسى ساقايمايدۇ.

△ كىشىگە ھەر ئىش كەلسە تىلىدىن كېلىدۇ، ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ تىلىدىن ئايان بولىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدە يەنە رەشىد بىننى قەشقەرى (1083-يىلى ۋاپات بولغان) ۋە ئىمامەددىن قەشقەرى (11-ئەسىر) قاتارلىق مەشھۇر تىببىي ئۇستازلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. ئىمامەددىن قەشقەرى يازغان «شەرھى ئەلقانۇن» ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىنىڭ نوپۇزلۇق دەستۇرى ئىدى.

1216-يىللىرى چىڭگىزخانىنىڭ بېسىمىدىن غەربكە قاچقان قىتانلارنىڭ سەركەردىسى كۈچلۈك نۇرغۇن لەشكەرلىرى بىلەن قاراخانىلار زېمىنىغا بېسىپ كىرىپ ۋەھشىيلەرچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى. نۇرغۇن ئالىملار دارغا ئېسىلدى. مەكتەپ، مەدرىسلەر كۆيدۈرۈۋېتىلدى. كىتاب ۋە قولىيازمىلارنى يىغىپ گۈلخان ياقتى. داڭلىق ئالىم ۋە مەرىپەتچى ئەللامە ئالائىددىن مۇھەممەت خوتەنى 3000 ئوقۇغۇچىسى بىلەن بىللە ھازىرقى يۇرتخان كەنتى① دە تىرىك كۆمۈۋېتىلگەنىدى، خوتەننى «شەھىدانى خوتەن» دەپ ئاتاش ئەنە شۇ قانلىق تارىخنىڭ بىۋاسىتە يادنامىسى.

① بۇ جايدا ھازىرمۇ «ئەللامە شېھىتلىكى» دېگەن مازار بار. ئۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسى «يۇرتخان» بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

# VI باب چاغاتاي دەۋرىدە ئۇيغۇر مائارىپى

كېيىنرەك چىڭگىزخان ئىستىبلاسى نەتىجىسىدە چىڭگىزخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى چاغاتاي (1179 — 1242 - يىللار) ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان زېمىنغا ئۇيغۇرلار رايونىنى قوشۇپ ئىدارە قىلدى. چاغاتاي ئولۇسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاشۇ دەۋرنى تارىخچىلار ئۇنىڭ نامى بىلەن «چاغاتاي دەۋرى» دەپ ئاتىدى.

چاغاتاينىڭ پايتەختى ئالمىلىق (ھازىرقى ئىلى) بولۇپ، مەشھۇر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە داڭلىق پېداگوگ سىراجىددىن ئەبۇ ياقۇپ ئىبنى ئەبۇ يۇسۇپ سەككاكى (1160 — 1228 - يىللار) چاغاتاينىڭ ئىلمىي مەسلىھەتچىسى ئىدى. مەشھۇر دىپلومات ۋە سىياسەتچى قۇتبىددىن بولسا چاغاتاينىڭ باش مەسلىھەتچىسى، داڭلىق دوختۇر مىجىت چاغاتاينىڭ باش دوختۇرى، تالانتلىق مائارىپچى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىنژېنېرى مەسئۇتبەگ چاغاتاينىڭ ئۇيغۇرلار رايونىدىكى باش ۋالىسى ئىدى.

ئۇيغۇر ئالىمى سەككاكى ۋە مەسئۇتبەگنىڭ ئىجتىھات كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك مائارىپى مۇشۇ دەۋردە يەنە قايتىدىن گۈللەپ، ئىنتايىن زور تەرەققىي قىلدى. بۇ چاغدا ئالمىلىق، بۇخارا ۋە قەشقەر ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ئىلىم - پەن مەركەزلىرىگە ئايلاندى. بولۇپمۇ مەسئۇتبەگ ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي - مائارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا ئىنتايىن زور ئەمگەك سىڭدۈردى.

مەسئۇتبەگ نايمان - كىدانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىۋېتىلگەن قەشقەردىكى مەشھۇر ئالىي بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئى ساجىئە» نىڭ خارابىسى ئورنىدا مىلادىنىڭ 1260 - يىلى

والدهٔ مهربانیم حضرتلریغه

[illegible]

دعوات سلام [illegible] کتاب

[illegible]

[illegible] سلام [illegible]

[illegible] صبح شام [illegible]

[illegible] هزار عالم [illegible]

[illegible] نصیب [illegible] قیلسون آمین

بحرمت سید المرسلین صلی الله علیه وسلم

ثانیاً سوزیمیز شولکه [illegible] تیکگان [illegible]

هیچ بر خبر معلوم بولمادی زیاده تشویش تارتدوک بنابرین [illegible] خط

یازدوک قولینگیزگه تیکگان زمان [illegible] قیلورسیز

زیاده نه دییه السلام علیکم [illegible] ۱۳۳۳ [illegible]

الله آغی ملا اکرام جان

آنادين اوغول ميازماتق [illegible]

[illegible]

دعوات و انشر و تحيات [illegible] در سيد [illegible]

سيد [illegible] [illegible]

اولنا يكر [illegible] [illegible] [illegible]

صحت سلامتلری [illegible] [illegible]

حضرت واجب الوجود دن [illegible] [illegible]

سعد ساعت ده مشرف [illegible] [illegible]

آمين بحرمت النبی وآله الامجاد ثانيا [illegible] اولانغ [illegible]

باقی السلام عليكم الداعی دعاگوی [illegible]

سنه ۱۳۳۲ ده [illegible] رجب [illegible] يازلدی

«مەسئۇدىيە» ناملىق نوپۇزلۇق بىلىم يۇرتى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا «سائادەت» ناملىق داڭلىق كۇتۇپخانا تەسىس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپى قايتىدىن راۋاجلىنىپ، قەشقەر پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە «سانى بۇخارا» (ئىككىنچى بۇخارا) دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە بولدى.

مەسئۇدبەگ 1254 - يىلىدىن 1289 - يىللارغىچە ئۆزىنىڭ نامىدا ئاتالغان بۇ ئالىي بىلىم يۇرتىغا شەخسەن ئۆزى بىۋاسىتە رىياسەتچىلىك قىلدى. مەسئۇدبەگنىڭ يېقىن دوستى — مەشھۇر ئالىم جامال قەرشى (1230 - يىلى تۇغۇلغان، «سۇرراھ» ناملىق يىرىك قامۇسنىڭ ئاپتورى) «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ نوپۇزلۇق مۇدەررىسى (پروفېسسورى) ئىدى. ئۇ، «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنى تەرىپلەپ مۇنداق يازىدۇ:

«... بۇ مەكتەپكە ھەممە ئىقلىمدىن ھەر يىلى مىڭلاپ ئوقۇغۇچى كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە يالغۇز ئىلاھىي تەلىماتلا ئەمەس، بەلكى مۇھىمى ئارىستوتېل، سوقرات، خارەزمى، فارابى، ئىبنى سىنا پەيلاسوپلىرى... تەتقىق قىلىنىدۇ، ئەرەب، پارس ۋە ئۇردۇ قاتارلىق چەت ئەل تىللىرى ئوقۇلىدۇ» («ساياھەت خاتىرىسى» — جامال قەرشى، 1273 — 1274 - يىللار).

«مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىدا ئىلمىي ئۇنۋان ۋە مۇنتىزىم ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. ئوقۇش پۈتتۈرگۈچىلىك ئەسەر يازغانلارغا ئەللامە (ئاكادېمىك، دوكتور)، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلارغا مۇدەررىس (پروفېسسور)، ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەرگە بولسا موللا ياكى خەلپەت ئۇنۋانى بېرىلەتتى.

«مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئىچىدە نۇرغۇن زىيالىيلار چاغاتاي ئۇلۇسىنىڭ مەمۇرىي باشلىقى بولۇپ ئىشلىدى. ھەتتا خانبالىقتا ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى قۇبلاي (1215 — 1294 - يىللار) نىڭ باش مىنىستىر (باشبۇغ) لىكىدىكى بەزى خادىملارمۇ ئەنە شۇ مەكتەپتە ئوقۇغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى بۈيۈك ئۇيغۇر ئالىمى، مەشھۇر پېداگوگ ۋە تالانتلىق مەمۇرىيەت باشقۇرغۇچى تاتا تۇڭا ئەينى زاماندا چىڭگىزخاننىڭ ھەممە ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، چاغاتاينىڭ ئۆزىمۇ ئەنە شۇ ئۇيغۇر ئوقۇتقۇچىدا ئوقۇپ ساۋات چىقارغان. تاتا تۇڭا دەسلەپتە نايمان ئېلىنىڭ تايانخان (كۈنخان) ئوردىسىدا باش ئىلمىي مەسلىھەتچى ۋە ئوقۇتقۇچى بولغان. كېيىن چىڭگىزخان ئىمپېرىيىسى قۇرۇلغان چاغدا چىڭگىزخان بۇ ئۇيغۇر ئالىمىنى ئۆز ھوزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ، ئوردا ئوقۇتقۇچىسى قىلغان. تاتا تۇڭا ئەنە شۇ چاغدا كىدان ۋە موڭغۇل ئېلىپبەسىنى ۋە گراماتىكىلىق قائىدىسىنى يەنى تۈنجى كىدان، ۋە موڭغۇل يېزىقىنى كەشپ قىلىپ بەرگەنىدى. بۇ يېزىق كېيىن جۇرجان ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا يېزىقىنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ قالدى. تاتا تۇڭا ئىجاد قىلغان كىدان، موڭغۇل ۋە مانجۇ يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرخۇن ئېلىپبەسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن.

تاتا تۇڭانىڭ تەربىيىسى خېلى سىڭگەن چاغاتاي ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار رايونىنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن بىرقەدەر كەڭ سىياسەت يۈرگۈزدى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلىشنى يولغا قويدى. ئۇنىڭ كەڭ ئىمپېرىيىسىدە ئۇيغۇر تىلى بىردىنبىر ھۆكۈمەت تىلى ۋە ئالاقە تىلى بولدى؛ مەمۇرىي ئىشلار ئەنە شۇ تىل بىلەن يۈرگۈزۈلدى.

مەشھۇر ئەرەب تارىخچىسى ئىبنى ئەل بەشىر (1388 — 1450-يىللار) مۇنداق يازىدۇ: «... بۇ يەردە مەنسەپ بەلگە ناملىرى، بۇيرۇق - پەرمانلار، يازما ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلى بىلەن بولىدىكەن، پەقەت مۇشۇ تىلنى بىلگەن كىشى روناق تاپالايدىكەن،

مۇرەتكە، ئامەتكە سازاۋەر بولالايدىكەن» (كىرىپۆرت، «ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى» 56 - بەت).

كېيىنكى تارىخچىلار ۋە تىلشۇناسلار بۇ تىلنى مۇشۇ چوڭ رايوننىڭ سۇيۇرغال ئىگىسى چاغاتاينىڭ نامى بىلەن باغلاپ «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» — قاراخانىلارنىڭ «خاقانىيە تىلى» ئاساسىنى تىكلىگەن بولسا، خوجە ئەھمەت يەسسەۋى تەرىپىدىن 1145 - يىلى يېزىلغان «دىۋان ھېكمەت» ۋە قەشقەرلىك چوڭ مۇدەررىس نەسىرىددىن ئىبنى بۇرھانىددىن رابغۇزى تەرىپىدىن 1310 - يىلى يېزىلغان «ئەۋلىيالار قىسسەسى» ناملىق رودان «چاغاتاي تىلى» ئاساسىنى تىكلىگەنىدى. چۈنكى بۇ ئىككى ئەسەر شۇ زاماندا ئۆيمۇ ئۆي ئوقۇلىدىغان، تەسىرى پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كەڭ تارالغان ئەدەبىي كىتابلار ئىدى. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئورنى كۈندىن - كۈنگە مۇستەھكەملەندى.

※ ※ ※

چاغاتاي مائارىپىنىڭ مىراسلىرى تاكى كېيىنكى ئەسىرلەرگە قەدەر ئۆز رولىنى يوقاتماي كەلدى. نەتىجىدە ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق خەلق بولۇپ كېلىۋاتقان سالاھىيىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسەتتى.

پروفېسسور مالوۋ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «...موڭغۇللار ئارىسىغا مەدەنىيەت تارقاتقان، ئۇلارغا ئۇستاز بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئورنىدا ئىش يۈرگۈزگەنلەر ئۇيغۇرلار ئىدى.»

بۇ ئەھۋال يالغۇز چاغاتاينىڭ سۇيۇرغال زېمىنىدىلا ئەمەس، ھەتتا قۇبلايخان تەسىس قىلغان يۈەن سۇلالىسى ھاكى-

مېيتىدىمۇ شۇنداق. بۇنىڭ مىسالى قىلىپ، قۇبلايخاننىڭ ۋەزى-
رى ھەسەن ئەييار، چەتئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش ۋەزىرى ساقى،
كۆپ تىل جۇملىدىن ئىرېك ۋە لاتىن تىللىنى بىلىدىغان ئالىم
ۋە خىرىستىئان دىنىي ئىزىرى رەببانى، جەنۇبىي جۇڭگو ۋە-
زىرى ئۆمەر، باش ئادىزوكات ۋەزىرى بورۇل ئەييار، ھەربىي
سەركەردە چاغان تۆمۈر بىلەن كۆك تۆمۈر، ئاسترونومىيە ئا-
لىمى جامالىدىن، ئانا ئىلىق ئەدەبىيىنى ھەييام؛ ئاتاقلىق دوختۇر
يەھىيا؛ يېزا ئىگىلىك ئالىمى تۆمۈر تۇۋرۇك، «جۇرجىن تارىخى»
ناملىق ئەسەرنى يازغان تارىخچى سارابان، «سىزىڭ سۇلالىسى
تارىخى»نىڭ ئاپتورى ياندارى، مەشھۇر كومپوزىتور مۇھەممەت
چولپان، كۆپ تىل بىلىدىغان تىلشۇناس ئەلسارىلارنى كۆرسىتىپ
ئۆتۈش كۇپايە. بولۇپمۇ ئاتاقلىق ئالىم تۆمۈر تۇۋرۇك يازغان
«زىرائەت ئۆستۈرۈشلۈكلىرىنى يېتىلدۈرۈش پرىنسىپلىرى» ناملىق
ئىلمىي ئەسەر تاكى يېقىنقى چاغلارغىچە ئېلىمىز مەكتەپلىرىدە
ئوقۇلىدىغان مۇھىم دەرسلىك كىتاب بولۇپ كەلدى.

چاغاتاي ئوردىسىنىڭ باش دوختۇرى مىجىت ۋە قۇبلاينىڭ
باش دوختۇرى يەھيانىڭ ئالىملىق ۋە خانبالىقتا ئاچقان سۇنۇق
كېسەللىكىنى داۋالاش مەكتىپى ۋە مال دوختۇرلۇق مەكتەپلىرى نۇر-
غۇن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. بۇ دوختۇرلار سىر دەريا ۋادى-
سىدىن تارتىپ تاكى خۇاڭخې ۋادىسىغىچە ئات ئۈستىدە يۈ-
رۈپ بىمالال ۋراچلىق ۋە تېخنىكچىلىق قىلاتتى. بۇ ھەققە ئې-
لىمىزنىڭ مىدىتسىنا كىتابى — مەشھۇر «نېيجىڭ» ناملىق كلاسسىك
قامۇستا يېزىلغان تۆۋەندىكى پاكىتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە
بولىدۇ:

«... غەربىي رايون — ئالتۇن ۋە قاشتېشى ماكانى، ئۇ
يەردىكى خەلقنىڭ ئۇزۇقلىنىشى ياخشى، گۆش، ماي بىلەن ئو-
زۇقلىنىدۇ، تائاملىرى قۇۋۋەتلىك بولغاچقا، كېسەللەر ئۇ يەردى-
كى كىشىلەرنىڭ تېنىنى زەھەرلىيەلمەيدۇ.»

«ئۇيغۇرلار ئۈزۈم، بېدە، ئانار، زىغىر، ياڭاق، پۇرچاق، يۇمغاقسۈت، پىياز، سامساق، زاراڭزا چېچىكى قاتارلىق ئۆسۈملۈك ۋە گىياھلاردىن ياخشى دورىلارنى ياسايدۇ. ئانارنىڭ پوستى مەددە قۇرتىنى يوقىتىدىكەن، ئانار گۈلى كىشىنىڭ روھىنى زوقلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەن. زىغىرنىڭ تەبىئىتى مۆتىدىل بولۇپ، مىجەزنى تەڭشەيدىكەن، ئۈزۈم پەي بىلەن سۆڭەككە قۇۋۋەت بېرىدىكەن.»

يەنە «جۇڭگەنگلۇ» ناملىق تىببىي ئەسەردە قۇبلايخاننىڭ باش دوختۇرى يەھيانىڭ ئېچىتقۇ دورىسىنى كەشىپ قىلىپ، سىچۈەن ئۆلكىسىدە پەيدا بولغان قورقۇنچلۇق ۋابا كېسەللىكىنى ساقايتقانلىقى بايان قىلىنغان. شۇ كىتابنىڭ 22 - تومىدا يەنە مۇنداق تەسۋىرىي پاكىتلار يېزىلغان:

رىن زىجاۋ دېگەن كىشى ئېيتىدۇ: «ئۆيگە قايتىۋاتسام قوشنامنىڭ ئوغلى بېشى قاتتىق ئاغرىپ، نالە - پەرياد ئىچىدە يېتىپ قاپتۇ. بىر ئۇيغۇر تېۋىپ كېلىپ، يېنىدىكى ئۇستىرا بىلەن بالىنىڭ پېشانىسىنى يېرىپ، بىر كىچىك قۇرتنى ئېلىۋەتتى. ھېلىقى قۇرت قاتتىق تاشتەك ئىدى. قۇرت بىرئاز ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ قالدى. بالىمۇ دەرھال ساقايدى.»

يەنە شياشۇسۇ دېگەن كىشى ئېيتىدۇ: «پىڭچياڭ ئەگمىسى يېنىدا بىر كىشىنىڭ ئېتى قورسىقى كۆپۈپ يېتىپ قالغانىكەن. بىر ئۇيغۇر دوختۇر كەلدى - دە، ئاتنىڭ پۇتىدىن بىرنېمىنى كېسىۋەتتى، ھايال بولماي ئات ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى...»

يۈەن سۇلالىسى تەزكىرىلىرىدە يەنە مۇنداق تارىخىي پاكىتلار نەقىل كەلتۈرۈلگەن:

...ئىچكىرىگە كېلىپ تىجارەت قىلىدىغان بىرنەچچە مىڭ سودىگەرلەر قاتارىدا ئۇيغۇر تېۋىپلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار بېيجىڭ قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن دورىخانىلارنى ئاچقان ۋە داۋا-

لاش ئورگانلىرىنىمۇ قورغان. بۇ دورىخانىلاردا سېرىق قۇيرۇقلۇق
جەرەننىڭ ئەزالىرىدىن ياسالغان قىممەتلىك دورىلار بار ئىدى.
بۇ دورىلار ئادەمنى سەمرىتىش، سوغۇق يەلنى ھەيدەش خۇسۇسـ
يىتىگە ئىگە ئىدى. ياز كۈنلىرى دورىخانىلاردا قىمىزمۇ سېتىلاتـ
تى. قىمىز بولسا قېرىلىقنى كەتكۈزۈپ، ئادەم ئورگانىزمىنى، بو-
لۇپمۇ ئۆپكە بىلەن يۈرەكنى ياشارتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىدى.

يۇقىرىدىكى پاكىتلار چاغاتاي زامانىسىدىكى ئۇيغۇر مائا-
رىپىنىڭ ئەينى زامان شارائىتىدا ئىختىساسلىق كىشىلەرنى قانـ
چىلىك يېتىشتۈرگەنلىكىنىڭ بىر تەرىپى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە بىز چاغاتاي مائارىپىنىڭ يادروسى
بولغان قەشقەردىكى «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ كېيىنكى ئەۋ-
لادلار ئۈچۈن يەتكۈزگەن مىراس مېۋىلىرىنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ ئۆگـ
نىپ كۆرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرى كۆز ئالدىمىزدا
تېخىمۇ جانلىق نامايان بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك تۈرلۈك جايلاردىن
مىڭلىغان تالىپلار «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىغا كېلىپ بىلىم
ئالاتتى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى كەشمىر ۋە لاھۇردىن، بەزىلىرى
بالاساغۇن ۋە قىپچاق دالىلىرىدىن، بەزىلىرى خوراساندىن ھەم
تارىم بويلىرىدىكى تۈرلۈك شەھەر - يېزىلاردىن ۋە ئىلى دەريا
ۋادىسىدىن كېلىپ مەكتەپتە قونۇپ ئوقۇيتتى. ئوقۇش پۈتتۈرگەن-
لەر ئىچىدە نۇرغۇن كىشىلەر ئاتاقلىق شائىر ۋە ئالىملاردىن
بولۇپ تونۇلۇپ، تۈرلۈك جايلاردا ئوقۇتقۇچىلىق قىلاتتى. ئۇلار-
نىڭ ئىچىدە خوراساندا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە پۈتۈن
ئۆمرىنى مائارىپ ئۈچۈن بېغىشلاپ چوڭ نەتىجە بىلەن ئابروي
قازانغان سەئىد قەشقەرى، مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى قاتارلىقلار
بار. سەئىد قەشقەرى خوراساندا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەپ،
كۆپ ئالىملارنى يېتىشتۈرگەن. مەشھۇر پارس شائىرى ئابدۇ-
راخمان جامى (1414 — 1492) مۇ سەئىد قەشقەرىنىڭ شاگىرتـ

لىرىدىن بىرى ئىدى.

چاغاتاي ئەۋلادلىرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۇيغۇر مائارىپى ئۇچۇن ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن مەرىپەتپەرۋەر يازغۇچى مەۋلانا ئەبەيدۇللا لۇتفى (1366 — 1465 - يىللار) بىلەن ئەلىشىر ناۋايى (1441 — 1501 - يىللار) مائارىپ تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

لۇتفى ئىستىداتلىق يازغۇچى بولۇپلا قالماي، يەنە نوپۇزلۇق مائارىپچى ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «پاساھەتلىك ئەدىب» ھەم «ئەزىز، تەۋەرۇك زات» دەپ قوش ئۇنۋان بىلەن ھۆرمەتلەيتتى. ئەلىشىر ناۋايى ئۇنى «مەلىكۇل كالام» (سۆز پادىشاھى) ۋە «تەۋەرۇك ئۇستاز» دەپ مەدھىيىلىگەن.

لۇتفى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بېرىپ، چوڭ مەكتەپلەردە لېكسىيە سۆزلىگەن؛ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، پارس، ئەرەب تىل گراماتىكىسىدىن دەرس ئۆتكەن. ئۇ 20 دىن ئارتۇق ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ 2400 مىسرادىن ئارتۇق كېلىدىغان «گۇل ۋە نورۇز» ناملىق داستانى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئاساس تىكلەپ بەرگەن. لۇتفىنىڭ پارس تىلىدا يازغان شېئىرىي ئەسەرلىرى ئىران تىلى سىستېمىسىدىكى خەلقلەر ئىچىدىمۇ چوڭ شۆھرەت قازانغان. لۇتفى يەنە مەشھۇر تۆمۈرلەڭ (ئاقساق تۆمۈر) ھەققىدە يېزىلغان «زەپەرنامە» ناملىق ئەسەرنى پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان.

ئاتاقلىق شائىر ئەلىشىر ناۋايى بولسا ئۇيغۇر مائارىپى ۋە شېئىرىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن مۇتەپەككۇر ۋە كلاسسىك يازغۇچى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسى — 12 مۇقامنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى مۇقام كۇيلىرى ئەلىشىر ناۋايىنىڭ شېئىر تېكىستلىرىگە سېلىنغان.

ناۋايىنىڭ تاللانغان شېئىرلار توپلىمى — «ناۋايى» ناملىق دەرسلىك كىتاب ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە رەسمىي ئوقۇشلۇق بولۇپ

كەلگەندى. ناۋاينىڭ «خەمسە ناۋايى» ھەم «چاردىۋان» قاتارلىق يىرىك داستان ھەم شېئىرىي ئەسەرلىرى، شۇنىڭدەك يەنە بىرقانچە پەلسەپۋى ئەسەرلىرى بار. ئۇ بۇ ئەسەرلىرىدە ئىلىم - مەرىپەتنى، ھەققانىيەتنى، ئادالەتپەرۋەرلىكنى كۈيلىگەن، ئەمگەكنى ۋە ئەمگەكچى خەلقنى مەدھىيىلىگەندى.

ئەلشىر ناۋايى ئۆزىنىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» ناملىق ئەسەرىدە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەجىر - مېھنىتىنى يۇقىرى باھالاپ مۇنداق يازىدۇ:

«ئوقۇتقۇچى يۇمران بالىلارنى جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئۆزىگە رام قىلىدۇ. بالىلارغا تەربىيە سىڭدۇرۇشتە ئۇلارنىڭ تىلى ئېرىگەن قوغۇشۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بەڭباش بالىلارنى تۈزەشتە، ئەدەب ئۆگىتىشتە نۇرغۇن جاپا، ئەجىر چېكىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇغۇچىلاردا ھەققى ئىنتايىن كۆپ. ئەگەر ئوقۇغۇچى كېيىن پادىشاھ، شەيخۇلئىسلام ياكى قازى بولسۇن، ئۇ، ئوقۇتقۇچىسىغا قۇللۇق قىلغىنى خوپ. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئۇستازى رازى بولسا تەڭرى رازى بولىدۇ...»

ھەق يولىدا كىم ساڭا بىر ھەرپ ئوقۇتمىش رەنج ئىلە،
ئەيلىمەك بولماس ئۇنىڭ ھەققىن ئادا يۈز گەنج ئىلە.

(ساڭا بىر ھەرپ ئۆگەتكەن ئۇستازىنىڭ ھەققىنى يۈز تىللا بېرىپمۇ ئادا قىلالمايسەن) (ئەلشىر ناۋايى «مەھبۇبۇل قۇلۇپ» 113 - بەت)

ناۋايى ئىلىم - مەرىپەت توغرىسىدا يەنە مۇنداق دېگەنىدى:

ئىلىمدىن ئارى ئۇلۇسنىڭ خۇدكامەسى،
ئۆرگۈنۈرگە جىد - جېھد ئۆتكەن جاھان ئەللامەسى.

ناۋايى خەلقپەرۋەرلىك توغرىسىدا مۇنداق يازىدۇ:

يۇز جاپا قىلسا ماڭا بىر قەتلە يەرياد ئەيلەرەم،
ئەلگە قىلسا بىر جاپا يۇز قەتلە پەرياد ئەيلەرەم.

ئەلىشىر ناۋايىنىڭ دېداكتىك مەزمۇندىكى ھېكمەتلىك شېئىرلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن:

△ توقلۇق ھىرسىن كۆڭۈلدىن يوق قىل،
ئۆزۈڭ ئاچ بولۇپ، بىر ئاچنى توق قىل.

△ لىباس ھەر نەچچىكىم زىبادۇر،
كىيگىنىڭدىن كەيدۈرگىنىڭ ئەلادۇر.

△ چىراغنى ھەق ياندۇردى، كۆيدى،
ئۇنى كىم پۈپ دېدى، ساقىلى كۆيدى.

ئەلىشىر ناۋايىنىڭ 16 خىل لىرىك ژانىردىن تەركىب تاپقان «خازائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق شېئىرىي ئەسەرلەر توپلىمى 48 مىڭ 803 مىسرالىق 3130 پارچە شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۆت چوڭ دىۋان («چاھاردىۋان») دىن ئىبارەت غايەت چوڭ ھەجىملىك يىرىك ئەسەردۇر. يەنە بەش چوڭ داستاندىن تەركىب تاپقان «خەمسە ناۋايى» ناملىق ئەسىرى ئارقىلىق ئەلىشىر ناۋايى مول ھوسۇللۇق ئىجادىيەت نەمۇنىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسەرلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە تەلىم - تەربىيە دەرسلىكى بولۇپ كەلدى.

# VII باب سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مائارىپى

14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغاتاي ئۇرۇقى ئىچىدە جىددىي پارچىلىنىش يۈز بەردى. بىر قىسمى تۇغلۇق تۆمۈرخان يېتەكچىلىكىدە (300 مىڭ كىشى) ئىسلام دىنىغا كىردى(1). بۇلارنى ئىقرابانچۇق ياكى «يانغانلار»، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەرنى «قالغانلار» دەپ ئاتاشتى. «قالماق» سۆزى ئەنە شۇ كېيىنكى سۆزنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى.

ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا چاغاتاي ئەۋلادىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇيغۇرلىشىپ كەتكەندى. ئارىدىكى ئۇزۇنغىچە داۋام قىلغان ۋەيرانچىلىقتا خاراپ بولغان مائارىپ ۋە سەنئەت يەكەن مەركەز قىلىنغان سەئىدىيە خانلىقى (1514 — 1678 ـ يىللار) دەۋرىدە قايتا گۈللەندى، چۈنكى بۇ دەۋردە مەدەنىي ـ مائارىپ ۋە سەنئەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن بىرقەدەر تىنچ مۇھىت يارىتىلدى. سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى خوجا باتۇر سۇلتان سەئىد ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى مەرىپەتپەرۋەر ئالىم ۋە ئەدىبلەردىن ئىدى. شۇڭا بۇ دەۋردە يۇقىرى دەرىجىلىك مەدرىسە، ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ دەرىجىلىك مەكتەپلەر، مۇزىكا مەكتەپلىرى (بەزى مەنبەلەرگە

(1) تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزىنىڭ پىر ئۇستازى مەۋلانا ئەرشىدىننىڭ كۇچادا تەسىس قىلغان «ۋەلىيە» مەدرىسىگە نۇرغۇن ئىقتىساد ئاجرىتىپ بەرگەن. بۇ مەدرىسە ئۆز زامانىسىدا كاتتا مەكتەپ بولۇپ شۆھرەت تاپقانىدى.

ئاساسلانغاندا، بۇ چاغدا قۇرۇلغان مەكتەپلەر جەمئىي 2263 كە يەتكەن. 1522 - يىلى قۇرۇلغان «مىرزا ھەيدەر» مەدرىسىسى، 1630 - يىلى قۇرۇلغان مەشھۇر «ساقىيە» ناملىق مەدرىسە شۇ چاغدىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىناتتى) قۇرۇلۇپ نۇرغۇن ئالىملار، ئوقۇتقۇچىلار، مۇزىكاشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، ئەدىب - يازغۇچىلار، بىناكارلىق ماھىرلىرى تېز يېتىشىپ چىقتى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ دەۋردە «سىپاھىيە» (ھەربىي مەكتەپ)، «شىپاھىيە» (تىببىي مەكتەپ)، «ھودۇدىيە» (چېگرا ساقچى) ۋە «ئايىنەئى ساپارات» (ئەلچىلەر ئەيىنىكى) قاتارلىق كەسپىي مەكتەپلەرمۇ تەسىس قىلىندى. ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ ئاساسى مۇشۇ چاغدا مەيدانغا كەلدى. بولۇپمۇ بۇ دەۋردىكى مائارىپنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە مەشھۇر ۋەكىلى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان (1510 — 1570 - يىللار) شۇ چاغدىكى قەشقەر ۋە يەكەن خانلىق مەدرىسلىرىدە ياخشى تەلىم ئالغان ئىقتىدارلىق ئالىم ۋە سىياسەتچى ئىدى. ئاتاقلىق تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ئۇنى «ئالىم، پازىل شائىر، ئەرەب، پارسچە بىلىدىغان تىلشۇناس ۋە ماھىر مۇزىكاشۇناس...» دەپ تەرىپلىگەن. «تارىخىي رەشىدى» ناملىق ئەسەردە: «ئۇ ئالىملارنىڭ ھىمايىچىسى، مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننىفى. ئۇ، چارتار، دۇتار، ساتار، قالۇن، تەمبۇر، راۋاب، ئۇد، غىجەكلەرنى ياخشى چالاتتى. ئۇ ماھىر خەتتات ۋە پارسچە، تۈركچە شېئىر يازالايدىغان كامىل شائىر ئىدى» دەپ تەرىپلەنگەن. شۇڭا بۇ دەۋردە ئامانىساخان، مىرزا ھەيدەر قەشقەرى، قەدىرخان يەكەندى، مەۋلانا خۇلقى، مىرزا مىرەك چالىش، ئايازى قاتارلىق نۇرغۇن تالانتلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەر يېتىلىپ چىققانىدى.

سەئىدىيە دەۋرى مائارىپىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ھۆسنخەتشۇناسلىقنىڭ كۆپ دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقى بولدى. دەرسلىك كىتاب، نادىر ئەسەرلەرنى ھۆسنخەت بىلەن



Altunoq

يېزىش تەلەپ قىلىناتتى. ئۇلار «خەتتات» دەپ ئاتىلاتتى. مۆ-
هۈر، تامغا، قەبرە تاشلىرى، مەدرىسە، گۈمبەز، مۇنار تاملىرى
كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ھۆسن خەتلەر بىلەن بېزىلەتتى
ۋە نەقىشلىنەتتى. گۈل چېقىرىپ، ئىچىگە نەقىش شەكلى بىلەن
قوندۇرۇلغان ھۆسن خەتلەر ئىمارەتكە سىن كىرگۈزۈپ، كۆر-
كەملىكىنى ئاشۇراتتى.

ئەينى زاماندا خەتتاتلىق سەنئىتىنى بىلمىگەن كىشىلەر تو-
لۇق بىلىملىك ھېسابلانمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆسن خەت ئىلمى
خانلىق مەدرىسەلەرنىڭ ئاساسىي دەرسلىرى قاتارىدا ئۆگىتىلەتتى.

سەئىدىيە دەۋرىدە يەنە «نورۇز» پائالىيەتلىرى ئەڭ گۈل-
لەنگەن بولۇپ، مۇشۇ ئەنئەنىۋى پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئىجتى-
مائىي تەنتەربىيە ۋە ئىجتىمائىي تەلىم - تەربىيە كەڭ يۈرگۈ-
زۈلەتتى. نورۇز پائالىيەتلىرى رەڭگارەڭ تۈرلەرنى ئۆز ئى-
چىگە ئالاتتى: «نورۇز چېيى»، «ھەپتە سالام»، «مۇشائىرە كې-
چىلىكى»، «نورۇز ناخشا - قوشاقلىرى»، «نورۇز مەشرىپى»،
«نورۇزلۇق مۇنبىرى»، «چەۋەندازلارنىڭ ئات بەيگىسى»، «ئوغ-
لاق تارتىشىش»، «چېلىشىش»، «ئەلنەغمە مۇنبىرى»، «چاقپە-
لەك ئويناش» ۋە باشقىلار.

سەئىدىيە مائارىپى «نورۇز بايرىمى» دىن كېيىن، يېڭى
ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ دەرسىنى باشلايتتى. ئاتا - ئانىلار بالى-
لىرىنى يېتىلەپ مۇئەللىملەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەدەب - ئەر-
دەم بىلەن تۆۋەندىكى سۆزنى بەجا كەلتۈرەتتى:

«پەرزەنتىمىزنىڭ جېنى تەڭرىمىزدىن، ئۇستىخىنى ئاتا -
ئانا (بىز) دىن؛ بەختى - ئىقبالى ئۇستازدىن...»

ئاتا - ئانىلار مۇشۇ تەرىزدە ئۆزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەك-
تەپكە تاپشۇراتتى. مۇئەللىم جاۋابەن تۆۋەندىكى مۇشائىرەنى
بايان قىلىپ بالىنى قوبۇل قىلىپ ئالاتتى:

«مەرىپەت چىرىغى دىلىنى ئاچقاي،
مەرىپەت ئاچقۇچى تىلىنى ئاچقاي...»

مۇشۇنداق رەسمىيەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش مەئىدىيە مەكتەپلىرىنىڭ مائارىپ نىزام ـ قائىدىسى ئىدى.

«نورۇزلۇق مۇنبىرى» دە مەلۇماتلىق ۋائىز (ناتىق) لار ۋە نوپۇزلۇق جامائەت ئەربابلىرى سۆزگە چىقىپ پەندى ـ نەسىھەتلەر ئارقىلىق تەلىم ـ تەربىيە ئىپلىپ باراتتى. بۇنداق ئۇسۇل مەكتەپلەردىمۇ يات ـ يات بولۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

△ ئۆزىدە سېخىيلىق، ئىلىم ۋە ساداقەت سۈپەتلىرى يېتىشكەن كىشى مەرت بولالايدۇ.
△ ھەققانىيەت ئۈچۈن كەلگەن بالا ـ قازانى راھەت بىل.
△ خەلق پايدىسى ئۈچۈن ئۆزۈڭنىڭ زىيىنىغا رازى بول.
△ زىيادە مۇبالىغە ۋە مەدھىيىچىلىك شائىرنى يالغانچىلىققا باشلايدۇ.
△ مەدھىيە ـ مۇبالىغەڭ ئۆرلىگەنسېرى ئۆزۈڭ شۇنچە قۇللۇق ئورنىغا چۈشۈپ خورلىنىسەن.
△ ئادەمنىڭ سىنالغىنى، ئالىمنىڭ قىزارغىنى ياخشى.
△ قازى خاپا بولغان كۈنى ئىشىكى ئالدىغا بارما.
△ خالىمىغان ئىشىڭنى كىشىگە تاڭما.
△ ئاچچىقىڭنى ئاشكارىلىماسلىققا ئادەت قىل.
△ نادان ۋە جاھىل بىلەن مۇنازىرىلەشمەن دەپ ۋاقتىڭنى ئىسراپ قىلما.
△ مۇناپىققا ياخشىلىق قىلىش ياخشىلىقنى زايە قىلىشتۇر.
△ كىشىگە دۈشمەن بولما، كىشى دۈشمەن بولمەن دېسە، قورقما.

△ سەۋەبسىز تەتۈر قارىغان دوستۇڭغا ئۆزرە ئېيتما،
چۈنكى ئۇنىڭ قەلبىدە ساختا دوستلۇق ئورۇن ئالغان.

△ مەنىسىز سۆھبەتداشلىقتىن تەنها خىيال ياخشى.

△ يىردىم دوستۇڭغا سىر بەرمە.

△ بۈگۈنكى مېھنەت ئەتىنىڭ راھىتى.

△ ھورۇنلۇق — بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى.

△ كىشى ئۆزى ئۈچۈن گۈۋاھچىلىقتىن ئۆتەلمەيدۇ، ئۇ-
نىڭ ۋەزنى — مىقدارىنى خەلق ئۆلچەيدۇ.

△ ئەقلىڭ يەتمەس سۆزنى قىلما، كۈچۈڭ يەتمەس
ئىشقا ئېسىلما.

△ ئىلىم - ھۈنەر ئۆگەنمىگەن كىشى بىچارىلىككە رازى
بولغانلىقتۇر.

△ تەلۋىگە بېرىلىدىغان ياخشى جاۋاب — سۈكۈت.

△ ئۆز پەرزەنتىدىن ھۆرمەت تەلەپ قىلغۇچى كىشى ئاۋ-
ۋال ئۆزىمۇ ئاتا - ئانىسىغا قانداق قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرسۇن.

△ ئاتا - ئانىنىڭ قەرزى پەرزەنتلىرىنى مال - دۇنيالىق
قىلىپ قويۇش ئەمەس، بىلىم - ھۈنەرگە ماھىر قىلىپ قويۇشتا.

# VIII باب «چىراغسىز جاھالەت ئەسىرى»دە تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلگەن مائارىپ

بىراق، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە پەيدا بولغان مۇتەئەسسىپ ئىشان ھىدايىتۇللا خوجا (1626 — 1694) قاتارلىقلار تەركىدۇنيالىقنى، جاھالەتنى تەرغىب قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر سىياسىتىگە ئاشكارا قارشى چىقتى. ئاخىر ئۇ يەكەنگە قوراللىق ھۇجۇم قىلدى ۋە 1671 - يىلى يېڭىلىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ھەر يەرلەردە ئىشانلىق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى 1677 - يىلى كەشمىر ئارقىلىق تىبەتكە ئۆتۈپ، دالاي لامانىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەرز - شىكايەت ئوقۇدى. دالاي لاما جۇڭغار گېنېرالى غالدانغا خەت يېزىپ، ھىدايىتۇللا خوجىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 12 مىڭ كىشىلىك قوشۇننى قەشقەرگە ئەۋەتىشنى تاپشۇردى. تۆۋەن بويىدىكى جەڭدە سەئىدىيە قوشۇنلىرى يېڭىلىپ قالدى. نەتىجىدە ھىدايىتۇللا خوجا «ھەزرىتى ئاپپاق» دېگەن ئۇنۋان بىلەن قورچاق ۋاڭ بولۇۋالدى ۋە سوپىزمنى كۈچىنىڭ بېرىچە تەرغىب قىلىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى «چىراغسىز جاھالەت ئەسىرى» ئىچىدە قالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مائارىپى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىلدى. پەلسەپە، ئاسترونومىيە، تارىخ، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە پەنلىرىنى ئۆگىنىشنى ئۇ، «پەرەڭلەرنىڭ سېھىرىسى»، «جېدىنلىق» دەپ چار سېلىپ مەنئى قىلدى، «پانىلىق ناساراغا مەنسۇپ، بىزگە قىيامەتلىك» دەپ چۇقان كۆتۈردى. ھالبۇكى، دەل شۇ چاغدا دۇنيانىڭ يېڭى مائارىپى تېز راۋاجلانماقتا ئىدى. «ناسارا پەرەڭلىرى» ① بەس - بەس بىلەن ئالىي ئۇنىۋېر-

① «ناسارا پەرەڭلىرى» — ياۋروپا مەملىكەتلىرىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

ستېتلارنى قوغۇشماقتا ئىدى. ھىدايىتۇللا ھەزرىتىنىڭ سوپى - دەرۋىشلىرى بولسا، ئەكسىچە جەندە - كۇلالىرىنى كىيىشىۋېلىپ، ھەممىلا جايدا تەركىدۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىشاتتى. خوتۇن - قىزلار ھەرەم ئىچىدە تۇتۇلۇپ، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىناتتى. بۇخىل روھىي كىشەنلەرگە قارشى خەلق ئىچىدىكى تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەر تورلۇك ئۇسۇللار بىلەن نارازىلىق بىلدۈرەتتى. خەلق ئىچىدە جاھىل سوپىلار گۇرۇھىنى مەسخىرە قىلىدىغان قوشاق - شېئىرلار پەيدا بولغانىدى. مەسىلەن:

قولۇڭدا دالۋىيىڭ بولسا، «قۇ» نىڭ نېمىشى،
دىلىڭدا ئىمانىڭ بولسا «ھۇ» نىڭ نېمىشى.

سوپى - ئىشانلارنىڭ جاھالەتتە قالدۇرۇش ۋە نادانلاشتۇرۇش ئاقىۋەتلىرىدىن پايدىلانغان چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى كېيىنرەك شۆتاڭ مەكتەپلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن پەقەت تىلماچ (تۇڭچى) لارنى تەييارلاشنى مەقسەت قىلدى. شۆتاڭ مەكتەپلىرىگە مەجبۇرىي ئېلىنغان مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئېغىر جىسمانىي ئازاپ چېكەتتى، ئۇلارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، غۇرۇرى دەپسەندە قىلىناتتى، ئۇلارنىڭ مىللىي كىيىم كىيىشىگە يول قويۇلمىغانىدى. ئۇلارغا بېشىغا سەككىز قىرلىق تەقى، تەقى ئۈستىدە قۇببۇ شەكىللىك قىزىل مارجان پۆپۈك بېكىتىلگەن ھەمدە ئۇچىسىغا سېرىق زەي تۇتۇلغان ۋە قارا ئىزمە تۈگۈلگەن جۇيازى كىيگۈزۈلەتتى، قارا لەمبۇقتىن ئۇچىغا جۇلا ئۆرۈپ ئۇلانغان بىر ئۇزۇن يالغان ئۆرۈمە چاچ قۇيرۇقچە تېگىپ تۇراتتى. مانا بۇ شۆتاڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مانجۇچە ئوبرازى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دەۋر ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدا زۇلمەتلىك دەۋر ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، مۇشۇ زۇلمەتلىك ۋە «چىراغسىز جاھالەت ئەسىرى»دە


AltunOq

ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپى تۇنجۇقتۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ نۇرلۇق شاملىرى ئۆچۈرۈپ تاشلانغىنى ئۈچۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن نادانلىق ۋە قۇللۇق ھۆكۈم سۈردى. سوپىزم نادانلاشتۇرۇشنىڭ قورالى بولسا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىرى قۇللاشتۇرۇشنىڭ ئامىلى بولدى.

# IX باب يېڭى مەكتەپ مائارىپىنىڭ باشلىنىش تارىخى

## 1

«ئۆتمۈشنى ئۇنتۇش جىنايەت» (ۋ. ئى. لېنىن). يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرما ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولىدۇكى، تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىمۇ تىيانشاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا يەنىلا ئېغىر جاھالەت ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى، پۈتۈن تەكلىماكان ۋادىسىدا پارلاق مەرىپەت شامى بولۇپ يانغان قەشقەردەك مەرىپەت مەركەزلىرىدە ئەينى زامانىدىكى ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك مۇتەپەككۇر زاتلارنى يېتىشتۇرگەن مەشھۇر «ساجىئە» بىلىم يۇرتى ۋە كېيىنرەك نۇرغۇن ئالىملىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا داڭقى چىققان «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ ئىلىم ـ مائارىپ شاملىرى ئاللىقاچان ئۆچۈپ، پۈتۈن تارىم ۋادىسى زۇلمەت ئىچىدە قالغانىدى. دەل شۇ چاغدا دۇنيانىڭ ئىككىنچى بىر چېتى — ياۋروپا ئەللىرىدە بولسا، يېڭى تېخنىكا ۋە يېڭى مائارىپ جۇش ئۇرۇپ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىغانىدى. 1770 ـ يىللىرى جېمىس ۋات تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغان پار ماشىنىسى، 1804 ـ يىلى فولتون تەرىپىدىن ئىختىرا قىلىنغان ئوكيان پاراخوتى، 1805 ـ يىلى سېتېۋىنسىن كەشپ قىلغان پويىز ۋە تۆمۈريول، فارادى ئاساس سالغان توك (ئېلېكتر) ئېنېرگىيىسى، 1902 ـ يىلى ئاكا ـ ئۇكا رەيت تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغان ئايروپىلان ۋە باشقىلار شەرقتىكى غاپىللار دۇنياسىنى ھەيران قالدۇردى. ئەينى زاماندىكى يېڭى تېخنىكا كەشپىياتلىرىغا ئەگىشىپ تۈرلۈك ـ

تۈمەن زاۋۇت - فابرىكىلار ياۋروپا قۇرۇقلۇقىدا قەد كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

غەربتىكى مۇشۇ تەرەققىياتنىڭ ئويغىتىشى ئارقىسىدا بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ۋە تەرەققىيپەرۋەر كىشىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلىپ، دۇنياغا نەزەر سېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلاردىن بىرى ئويغىنىش توغرىسىدا خىتاب قىلىپ مۇنداق يازغانىدى:

قوپ! ئى ئاداش بىر ... ئەتراپىڭغا باق،
باق... نە كۆرەرسەن ئويلىغىن ئۇزاق!
يەردە، هاۋادا، سۇدا كېلۇرلەر،
ياۋروپالىقلاردىن ئال ئەمدى ساۋاق!...

ئوتتۇرا ئاسىيادا يېڭى مەكتەپ مائارىپى مۇشۇنداق خىتاب ۋە ئېهتىياج ئاستىدا باشلاندى. بۇ يېڭى مەكتەپ مائارىپى «ئۇسۇلى جەدىت» دەپ ئاتالدى. «ئۇسۇلى جەدىت»نىڭ شەرقتىكى ئەڭ يىرىك ۋەكىلى ۋە تەشەببۇسكارى جامالىدىن ئاپغانى (1838 — 1897) بولۇپ، ئۇ شەرق مۇسۇلمانلىرى بىرلىشىپ، جاهانگىرلىككە قارشى تۇرۇش ۋە ئىسلامىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. بۇ ئىسلاھات يېڭى مەكتەپ مائارىپىنى («ئۇسۇلى جەدىت»نى) يولغا قويۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. «ئۇسۇلى جەدىت»نىڭ ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى مۇھىم تەشەببۇسكارلىرى ۋە تەسىس قىلغۇچىلىرى ئاتۇش ۋە ئىلىدا هۈسەيىن مۇساباي، باھاۋىدىن مۇساباي، ئابدۇقادىر داموللا قەشقەرى، تاش ئاخۇنۇم؛ تۇرپان ئاستانىدا مەقسۇت مۇهىتى، كۇچادا هامىت هاجى قاتارلىقلار ئىدى.

بۇلارنىڭ بەزىلىرى يېڭىدىن بىخ ئۈرۈپ چىققان مىللىي سانائەتنىڭ تىپىك ۋەكىلى، شۇنداقلا بەزىلىرى يېڭى مائارىپنىڭ ئاساسلىق تەرغىباتچىسى بولۇپ، جاھالەتكە قارشى

كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىقتى. بەزىلىرى ھەتتا پېتىربۇرگ، فىنلاندىيىگىچە، بەزىلىرى گېرمانىيە ۋە پارىژغىچە، يەنە بەزىلىرى كىچىك ئاسىيا ۋە ئەرەب دۇنياسىغىچە ئارىلاپ يۈرۈپ دۇنيانىڭ ئەينى زاماندىكى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆزەتتى. ئۇلار ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر تەرەپتىن سانائەتنى تۇتسا، بىر تەرەپتىن يېڭى مائارىپقا ئاساس سېلىش يولىدا جىددىي كۈرەش قىلدى.

1907 - يىلى ھۈسەيىن، باۋۇدۇن ئاكا - ئۇكا گېرمانىيىنىڭ «دولاق» ماركىلىق سانائەت شىركىتى بىلەن دوگوۋورلىشىپ، ئىلىدا خۇرۇم زاۋۇتى قۇردى. تاش ئاخۇن يەكەندە سەرەڭگە زاۋۇتى ۋە شاتىۋا توقۇمىچىلىق كارخانىسىنى قۇردى. تۇرپان ئاستانىدا مۇسۇل ھاجى، ۋاجىت ھاجىلارنىڭ پاختا زاۋۇتى قۇرۇلدى. مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، 1916 - يىلى ئاتۇش، يەكەن ۋە ئىلىدا سانائەت ۋە بوغالتىرلىق كەسپىي تېخنىكوملىرىمۇ قۇرۇلدى.

مانا بۇ يۇقىرىقى پاكىتلار ئۇيغۇر يېڭى مەكتىپىنىڭ دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە ماددىي ئاساسلىرى ئىدى.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى قېتىم ئاتۇشتا يىلتىز تارتىشىدا بۇ ناھىيىدىن چىققان بىر تۈركۈم مەرىپەتپەرۋەر زاتلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى تۈرتكە بولغانلىقىنىڭ سىرتىدا، يەنە جۇغراپىيىۋى ئۆزگىچە مۇھىت - شارائىتنىڭمۇ بەلگىلىك رولى بار. ئاتۇش ئىقلىمى قۇرغاق، ھاۋاسى ساپ جاي. قۇرغاق ئىقلىم ئاتۇش خەلقىنى چىدامىلىق ۋە غەيرەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرگەن. شۇنداقلا بۇ جايدا ئېقىن سۇنىڭ قىسلىقى، ئېكىنزارلىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۈچرىشى ئاتۇش خەلقىغە شىجائەت، تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىش روھىنى سىڭدۈرگەن. بۇنداق روھ ئۇلاردا تىجارەت قىلىش، ساياھەت قىلىش ۋە يۇقىرى ئۆرلەش خۇسۇسىيەتلىرىنى يېتىلدۈرگەن.

بىراق، ئىكساقتا تەسىس قىلىنغان تۇنجى يېڭى مائارىپنىڭ ئاساسچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك پەزىلىتىنىمۇ نەزەرگە ئېلىش زۆرۈر.

مۇسابای (مۇسا ھاجى)نىڭ ئاتىسى ئابدۇرۇسۇل ئۆز زامانىسىدا قەشقەردىكى خانلىق مەدرىستە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئانا مەكتىپىگە ئىزچىل ماددىي ياردەم قىلىپ، جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. ئوغلى مۇسابايمۇ شۇ مەدرىسنى تۈگەتكەن ۋە 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زور مىقداردا ئىنايەت كۆرسىتىپ خانلىق مەدرىسنى بىر قېتىم چوڭ رېمونت قىلدۇرغان. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئۇنىڭ مۇھىم بىر ۋەسىقىسىدە: «بايلىقنىڭ بىر قىسمىنى ۋە ئۆشرە - زاكاتىنى مەكتەپ ۋە مەدرىسكە تەسەررۇپ قىلىش زۆرۈر»لۈكىنى تەكىتلىگەن. ئۇنىڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان مەرىپەتپەرۋەر ئوغۇللىرى ــ ھۈسەنباي، (1844 ــ 1926 - يىللار) ۋە باۋۇدۇن باي (1851 ــ 1928 - يىللار) ئاتىسى موسا ھاجىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە مەكتەپ مائارىپقا تۆھپە قوشۇشتا تېخىمۇ زور پىداكارلىق كۆرسەتكەن. ئەينى زاماندا تارىم ۋادىسىنى جاھالەتنىڭ قاپقارا پەردىسى قاپلاپ تۇرغان. شۇنداقلا ئەڭ جاھىل ۋە مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان شارائىتتا ھەممە ئاچكۆز، نادان بايلار خەلقنىڭ يىلىكىنى رەھىمسىز شوراپ، ئۆزىنىلا سەمرىتىشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان شارائىتتا بۇنداق پىداكارلىق كۆرسىتىش ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىز تارىختا لىللا باھا بېرىدىغانلا بولساق، ئەينى زاماندىكى ھۈسەيىن باي ۋە باۋۇدۇن باي ئاكا - ئۇكىلارنىڭ قەلبىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋىجدان ئوتىنىڭ نەقەدەر يالقۇنجىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

※ ※ ※

ئىنسانىيەت تارىخىدا ــ «مائارىپ مەڭگۈلۈك كاتېگورىيە».



AltunOq

شۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مائارىپ ئىنتايىن ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بىراق، ئۇ، «ئەنئەنىۋى مائارىپ» ۋە «يېڭىچە مائارىپ»تىن ئىبارەت چوڭ ئىككى كاتېگورىيىگە بۆلۈنىدۇ.

يېڭى مائارىپ («ئۇسۇلى جەدىت»)نى تۇنجى قېتىم جارى قىلدۇرغان پېداگوگ — مەشھۇر چېخىسلوۋاك ئوقۇتقۇچىسى يان. ئاموس. كومېنسكىي (1592 —1670 - يىللار) بولدى. ئۇ قۇرداش ئۆسمۈرلەرنى كلاس (سىنىپ) بويىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يۈرگۈزۈپ، چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇ سىنىپلار ئايرىمىسى بويىچە دەرس پروگراممىسى بار، دەرس سېتكىسى بار، ئىمتىھان تۈزۈمى بار، تەربىيە نىشانىسى بار بىر يۈرۈش يېڭىچە ئۇسۇلنى قانات يايدۇرغانىدى. مۇشۇ تەلەپ بويىچە قۇرداش ئۆسمۈرلەر ئەتراپى باغ - ۋارانلىق، ئازادە سېلىنغان، كەڭ دېرىزىلىك، ئىچى كەڭ ۋە يورۇق، ئۈستەل، پارتىلىرى تەل سىنىپلاردا ئولتۇرۇپ ھەر خىل بىلىم - پەنلەردىن ساۋاق ئالاتتى.

چەت ئەللەرنىڭ يېڭى مائارىپىدىن تەسىرلەنگەن باۋۇدۇن باي ئاكىسىنى يېڭى مائارىپنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ھەمكارلىشىشقا كۆندۈردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار شەخسىي دارامىتىدىن ئىقتىساد ئاجرىتىپ، ئىكساقتا يېڭىچە مەكتەپ بىناسىنى قۇرۇپ، ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا تۇنجى يېڭى مەكتەپكە ئاساس سالدى. بۇ مەكتەپ 1885 - يىلى كۈزدە رەسمىي ئوقۇش باشلىدى. ئىكساقتا يولغا قويۇلغان بۇ تۇنجى يېڭى مەكتەپ كېيىنرەك «ھۈسەينىيە مەكتىپى ①» دېگەن نام بىلەن ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالدى.

بۇ مەكتەپ دەسلەپ ئۈچ سىنىپتىن تەشكىل قىلىندى. سىنىپلىرى كەڭ دېرىزىلىك، دوسكا، پارتا قاتارلىق سىنىپ جاھازىلىرى مۇكەممەل، سىنىپلارنىڭ ئىچى - تېشى

① باۋۇدۇن باينىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان بۇ تۇنجى يېڭى مەكتەپ ئاكىسى ھۈسەين ھاجىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغانىدى.

ئاقارتىلغان. ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن ئىشخانا، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن ياتاق، ھاممام (تاش مۇنچا) بىنا قىلىنغان، مەكتەپ ئەتراپى ئورمانلاشتۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئىسمىغا لايىق يېڭى مەكتەپلىك قىياپىتى نامايان بولۇپ تۇراتتى. كېيىنچە يىراق يېزىلاردىن قوبۇل قىلىنىدىغان ئوقۇغۇچىلار قونۇپ ئوقۇيدىغان بولدى. قونۇپ



ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تەشەببۇسچىسى، تەرەققىيپەر-
ۋەر زات باھاۋۇدۇن مۇساباي (1851 — 1928).

ئوقۇيدىغان باللار «لەيلى»، كىلىپ - كىتىپ ئوقۇيدىغانلار بولسا «ناھارى» دەپ ئاتىلاتتى.

دەسلەپكى مەزگىلدە بۇ يېڭى مەكتەپ دۇچ كەلگەن جىددىي قىيىنچىلىق — مۇئەللىم مەسىلىسى ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېڭى مەكتەپنىڭ ئاساسچىلىرى بولغان ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار چەتكە ئوقۇغۇچى چىقىرىپ تەربىيىلەشنى مەردانىلىك بىلەن قارار قىلدى. مۇشۇ قارار بويىچە تۇنجى قېتىم قازان دارىلمۇئەللىمىندە ئىككى يىل تەلىم ئېلىپ قايتىپ كەلگەن ئوقۇتقۇچى كېرىماخۇن بولدى. كېيىن ئۇ بۇ مەكتەپكە مۇدىر بولدى ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە «بەش كىشىلىك مۇدىرىيەت ھەيئىتى» قۇرۇلدى. ئۇنىڭ تەركىبىگە باۋۇدۇن باينىڭ ئۆزى ھەم كېرىماخۇن، ھىسامىددىن ھاجىم قاتارلىق مۆتىۋەرلەر كىرگۈزۈلگەنىدى. بۇنىڭ سىرتىدا توققۇز كىشىدىن تەركىب تاپقان «ئاتا - ئانىلار ھەيئىتى»مۇ قۇرۇلغانىدى. بۇ ئىككى ھەيئەت ئايدا ئىككى قېتىم كېڭەش ئېچىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش ھەم ئىقتىسادىي خىراجىتى قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلاتتى.

كېرىماخۇن مۇدىر بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، رەسمىي دەرس بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار بەش نەپەر بولۇپ، ئۇلار: كېرىماخۇن (مۇدىر)، چوڭ غوجىكام، سۇلتان مەھمۇت، ئىدرىس ھاجى، رائىلە بۆۋى موللاچام قاتارلىقلار ئىدى. بۇ چاغدا مەكتەپ بويىچە 105 نەپەر ئۆسمۈر بولۇپ، ئۇنىڭدىن 25 نەپىرى قىز ئوقۇغۇچى ئىدى. ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنىڭ تۈرى: ھېساب، تىل، ئىملا، ئوقۇش دەرسى (ئەدەبىيات)، ئەرەب - پارس تىلى، جۇغراپىيە - تارىخ، ئىلمىي ھال، ئىلمىي تەجۋىد، تەنتەربىيە قاتارلىق دەرسلەردىن ئىبارەت ئىدى. ھەپتىلىك دەرس جەدۋىلى بويىچە بىر كۈندە تۆت سائەتلىك دەرس ئۆتۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەپتىدە بىر قېتىم مەكتەپ مۇدىرى پۈتۈن

## 4 ـ جەدۋەل

**«ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ 1888 ـ يىلدىكى دەرس سېتكىسى**

| كۈنلەر / سائەت / قارار | 1 | 2 | 3 | 4 | |
|---|---|---|---|---|---|
| | چۈشتىن بۇرۇن | | | | |
| شەنبە | ئانا تىلى | ئانا تىلى | ناخشا | ھېساب | چۈشتىن كېيىن ئەمگەك، تەنتەربىيە، مۇزىكا ـ سەنئەت ياكى ئائىلىۋى ئىشلىرى |
| يەكشەنبە | تەبىئەت | تارىخ | جۇغراپىيە | تەجۋىد (ئوقۇش-ئىملا) | |
| دۈشەنبە | تارىخ | ھېساب | تەنتەربىيە (گەزەھ) | تەبىئەت | |
| سەيشەنبە | تەجۋىد | جۇغراپىيە | شىپاھىيە ① | رەسىم | |
| چارشەنبە | ئەرەب ـ پارس تىلى | ئەدەبىيات | رۇس تىلى ② | تارىخ | |
| پەيشەنبە | ئاقايىدى زۆرۈرىيە | | (ئەقىدە ۋە ئەخلاق تەربىيەسى) | | |
| ئازنا (جۈمە) | دەم ئېلىش | | | | |

ئوقۇغۇچىلارغا ئەخلاق دەرسى ئېكسىيىسى بىرىپ تۇرۇش مۇنتىزىم تۈزۈمگە ئايلاندى. شۇنىڭدەك شۇ چاغدىكى تۈزۈم بويىچە ئوقۇتقۇچىلار ئۇچۇن كۈندىلىك مەشغۇلات ۋاقتى ئالتە سائەت، ئوقۇغۇچىلارغا بەش سائەت قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا ھەر كۈنى بىر ئوقۇتقۇچى نۆۋەت بىلەن دىجورنى بولۇش، ھەر

① لۇغەتلىك سۆزلەرگە ئىزاھ بېرىش دەرسى.

② كېيىنرەك رۇس تىلى ئورنىغا خەنزۇچە كىرگۈزۈلگەن.

بىر سىنىپقا سىنىپ مەسئۇلى بولۇش تۈزۈمىمۇ يولغا قويۇلغان. دىجورنى مۇئەللىملەر خاتىرە تۇتۇپ، ھەر كۈنىنىڭ ئاخىرقى سائىتىدە مەكتەپكە دوكلات قىلىپ ياخشى - يامان ئەھۋاللار ئۈستىدە ئۈچۈر بېرەتتى.

بۇ يېڭى مەكتەپنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىن باشلاپلا ئىمتىھان تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىمتىھان نەتىجىلىرى تۆت دەرىجىگە ئايرىلاتتى. مەسىلەن: ئەلىيۇلئەلا (1 - دەرىجىلىكلەر)، ئەلا (ئىككىنچى دەرىجىلىك ئەلا بولغانلار)، ئەۋسات (ئوتتۇرا دەرىجىلىكلەر)، ئەدنا (ئۆتەلمەي قالغانلار).

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرى پۈتۈن كەنت ئاھالىلىرى قاتناشقان ھالدا قىزغىن ۋە داغدۇغىلىق ھالدا ئۆتكۈزۈلەتتى. ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ مارشلىرىنى جاراڭلىتىپ كۆرەك قىلاتتى. ئوقۇش تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلار تۆت دەرىجە مۇكاپات بىلەن تەغدىرلىنەتتى. مەسىلەن: بىرىنچى دەرىجىلىكلىرىگە «تەھسىننامە»، ئىككىنچى دەرىجىلىكلىرىگە «ئاپىرىننامە»، ئۈچىنچى دەرىجىلىكلىرىگە «تەقدىرنامە»، تۆتىنچى دەرىجىلىكلىرىگە «شاھادەتنامە» تارقىتىلىپ بېرىلەتتى.

ئوقۇتقۇچىلار جامائەت ئىچىدە بەك ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، ئەر ئوقۇتقۇچىلار «ئەپەندىم»، ئايال ئوقۇتقۇچىلار «موللاچام» دەپ ئاتىلاتتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتىنىڭ يۇقىرى بولغانلىقى ئاشۇ ھۆرمەتنى كۈچەيتىپ باراتتى. مەسىلەن: بىرىنچى دەرىجىلىكلەرگە 400 چارەك، ئىككىنچى دەرىجىلىكلەرگە 300 چارەك، ئۈچىنچى دەرىجىلىكلەرگە 200 چارەك ئاشلىق مائاش (يىللىق) بېرىلەتتى. بۇ مائاش تەمىناتىنىڭ بىر قىسمىنى ئاكا - ئۇكا موسابايلارنىڭ ئىقتىسادىدىن، قالغان قىسمى ئۆشرە - زاكات كىرىمىدىن چىقىرىلاتتى.

بۇنىڭ سىرتىدا، كەمبەغەل ۋە يېتىم ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن «خانەندىلىك» (ئوقۇش ياردەم پۇلى) تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى.

ئۇلارنى كېيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، تاماق راسخوتى ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىكلىرىگە 15 چارەك، ئىككىنچى دەرىجىلىكلىرىگە 12 چارەك، ئۈچىنچى دەرىجىلىكلىرىگە سەككىز چارەك ئاشلىق تەمىنات بېرىلەتتى. مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق كېلىپ خاتىرجەم ئوقۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن جامائەتنىڭ چارۋىلىرىنى توپلاپ باقىدىغان مەخسۇس «پادىچى» ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

## 2

1888 - يىلى يېڭى مەكتەپنىڭ تۇنجى مەلۇماتلىق مۇدىرى كېرىماخۇن ئەپەندى ۋاپات بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ئەمدىلا بىخ ئۇرۇپ مۇستەھكەملىنىشكە قەدەم تاشلىغان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن بىر يوقىتىش بولىدۇ. بۇ بوشلۇقنى تېز تولدۇرمىغاندا، يېڭى مەكتەپ بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقۇپ كېتىش خەۋپىنى جىددىي ھېس قىلغان باۋۇدۇن باي چەت ئەلگە يەنە ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا ئالدىرىدى. بىر - ئىككى يىل پۇختا تاللاش ۋە ئەتراپلىق تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق 1902 - يىلى بىر تۈركۈمدىلا سەككىز نەپەر ئىقتىدارلىق ياشنى تۈركىيىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ تەركىبىدە تۇرسۇن ئەپەندى، ھەسەن ئەپەندى، مەسئۇت سەبىرى، جىرجىس ھاجىم (بۇ ئىككىيلەن ئىلىدىن تاللانغان) ۋە قادىر ئەپەندى قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇنىڭ سىرتىدا يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىدىل تەرەپلەرگىمۇ بىر قىسىم ياشلارنى ئەۋەتىش تەييارلىقى كۆرۈلدى.

چەتئەلگە چىقىرىلغان ياشلار ئوقۇش تۈگىتىپ كەلگۈچە بولغان ئارىلىقتىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، باۋۇدۇن باي بىرىنچى تۈركۈمدە تۈركىيىدىن ئابابەكرى قاتارلىق زىيالىيلارنى مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلىپ ئالدۇردى. ئابابەكرى ئەپەن-

دى ئىكساقتىكى يېڭى مەكتەپنى 1890 - يىلدىن 1896 - يىلغىچە باشقۇردى.

ۋەتەنپەرۋەر مەرىپەتچى ھۈسەيىن ھاجى، باۋۇدۇن باي ئاكا - ئۇكىلار مۇشۇ چاغدا يېڭى مەكتەپنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق سىنىپ سانى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانىنى كۆپەيتىش پىلانلىرىنى كۆڭۈللىرىگە پۈكۈپ قويۇشقانىدى. بۇ ئۇلارنىڭ چەتئەللەرگە كۆپلەپ ئوقۇغۇچى چىقىرىشتىكى مۇددىئاسىدىنمۇ ئوچۇق مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. 1895 - يىلى مۇسا باي ھاجى ۋاپات بولۇشنىڭ ئالدىدىمۇ ئوغۇللىرىغا: «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازىرىنى ياساپ چىقىشنى ۋە يېنىغا كېڭەيتىپ ئازادە مەكتەپ بىنا قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىدۇ. مۇشۇ ۋەسىيەت بويىچە «ھەزرىتى ھەبىب ئەجەم» مازىرى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېڭەيتىپ سېلىنىدىغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى» نىڭ چوڭ قۇرۇلۇشى 1896 - يىلى رەسمىي باشلاندى.

1898 - يىلى ئىككى يىلغا يېتەر - يەتمەي گۈمبەز مۇنارى ئاسمانغا بوي تارتقان كۆركەم مازار بىلەن ئازادە سېلىنغان يېڭى مەكتەپ بىناسى ئىكساقتا قەد كۆتۈردى.

زامانىسىدا ئاتاقلىق بىناكارلىق ماھىرى دەپ تونۇلغان قەشقەرلىك مەشۇق ھاجى لايىھەلەپ ياساپ چىققان بۇ كاتتا ۋە كۆركەم بىنانىڭ گۈمبىزى ھازىرمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. بولۇپمۇ ياندىش سېلىنغان كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان كارىدورلۇق سەككىز سىنىپلىق ئوقۇتۇش بىناسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەكتەپ قۇرۇلۇشى بارلىق مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ئىپتىخارىنى قوزغايدۇ.

بۇ مەكتەپتە سىنىپتىن باشقا يەنە 12 ئېغىزلىق ئوقۇغۇچىلار ياتىقى (ھۇجرا)، ھۇجرىلارنىڭ شىمالىدا قورۇق، بوستانلىق، نەقىشلەنگەن پېشايۋانلىق مەسچىت، بىنا ئوتتۇرىسىدا رەشاتكىلىق زال، ئىككى ئېغىزلىق ئاشخانا، ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن



«مەكتەپى ھۇسەينىيە» نىڭ 1898 - يىلىدىكى بىناسىنىڭ يان تەرەپتىن كۆرۈنۈشى

سەھسۆس مۆلازىمەت دۇكان ئۆيى، شەرقىي شىمال تەرىپىدە بەش مو دائىرىدە مېۋىلىك چوڭ باغ، باغنىڭ شەرقىدە يەنە شۇ چوڭلۇقتا تەنتەربىيە مەيدانى، بەش - ئالتە مو كەڭلىكتە تېرەكلىك، پەشتاق، تاش پازلىق مۇنچا (ھامام)، مەكتەپنىڭ ئىچىگە سوزۇلغان 200 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنىڭ ئىككى تە-رىپىدە ئېرىق، ئېرىق بويلاپ ئۆستۈرۈلگەن تۆت قاتار تېرەك بوستان، ئىسكىلات، ھۆتىۋەللى ئامبىرى، مەكتەپنىڭ دەل ئوت-تۇرا قىسمىدا تىياتىر زالى، غەربىي جەنۇپتا ئەتراپى تال، ئالما، ئۈجمە بىلەن قاپلانغان چوڭ كۆل، بىر چەتتە كاھىش پىشۇرىدىغان چوڭ خۇمدان، خۇمدان ئامبىرى، ئىككى جايدا تەرەتخانا... قاتارلىقلار پىلانلىق جايلاشتۇرۇلغان.

※ ※ ※

سەككىز سىنىپلىق چوڭ مەكتەپ پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن يەنىلا مۇئەللىم مەسىلىسى ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. چەتئەللەرگە ئوقۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلەر تېخى يې-تىپ كېلەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن باۋۇدۇن مۇساباي تۈركىيىدىن ئەھمەت كامال قاتارلىق يەتتە نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەكلىپ قىلىپ ئالدۇرۇپ كەلدى. ئەھمەت كامال ئاتۇشقا يېتىپ كې-لىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، مۇئەللىم مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئاسا-سىي ۋەزىپە قىلىپ، 1907 - يىلى «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن» مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقتى. مەكتەپ مۇدىرلىقىنى ئەھمەت كامال ئۆزى ئۈستىگە ئالدى. ئۇنىڭ بۇ مۇدىرلىق ۋەزىپىسى «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن ئىنتىھات مۇدىرى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى.

مەكتەپكە ئۈستۈن ئاتۇشتىكى يەتتە كەنتتىن، قەشقەر ۋە خوتەندىن بولۇپ دەسلەپكى قەدەمدە 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قى-

لىندى. ھېلىم ئەپەندى، سوپى ئەپەندى، تۇردى ئەپەندى، ئابلىز ئەپەندى، ھاجى ئەپەندى، شەمسىددىن ئەپەندى، ئابدۇرېھىم شاۋكەت ئەپەندى، ماھىرا خەلپەت قاتارلىقلار «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» نىڭ ئاتاقلىق ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى.

ئوقۇلىدىغان دەرسلەرنىڭ تۈرى: شىپاھىيە، ئىملا، ھۆسنخەت، ئەدەبىيات، ھەندىسە (ئالگېبرا)، پارائىز، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي ھال، تەنتەربىيە، غەزەل... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. مەكتەپتە بىر يۈرۈش مەشغۇلىيەت تۈزۈمىمۇ ئورنىتىلغانىدى. دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىمۇ جانلىنىپ كەتكەنىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەپتەر - قەلەملىرى، كىيىم - كېچەكلىرى ۋە تاماقلىرى ھەقسىز بېرىلەتتى. مەكتەپ شتاتىدا ئوقۇتقۇچىلاردىن باشقا يەنە ئىككى ئاشپەز، ئىككى چارۇپكەش (قارا خىزمەتچى) بار ئىدى. ئوقۇغۇچىلار ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم مۇنچىدا يۇيۇندۇرۇلاتتى.

«ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» نىڭ تۇنجى قارارى 1909 - يىلى داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە 40 نەپەر ئوقۇغۇچى جايلارغا ئوقۇتقۇچى قىلىپ ماڭغۇزۇلدى. گۇچۇڭغا شاۋدۇن قارى، قۇتۇبىغا ساۋۇت ئەپەندى، كۇچاغا روزى ئەپەندى، خوتەنگە ماھىرا خەلپەت، توققۇزاققا ئابدۇللا روزى، قاغىلىققا ئابلىز ئەپەندى، قەشقەرگە ئابدۇرېھىم شاۋكەت ئەپەندى ئەۋەتىلدى. ئاتۇشنىڭ ئۆزىدە قالغانلاردىن بەيساققا كەنجى ئەپەندى، ئۇچاغا تۇردى ئەپەندى ۋە مەممەت نامتاجىلار؛ قايراققا ھېلىم ئەپەندى بىلەن سوپى ئەپەندى، تاقۇتقا ئىمىن ئەپەندى، ئىكساكقا ھاجى ئەپەندى بىلەن ئەزىز ئەپەندى تەقسىم قىلىندى. ئۇلار يېڭى مائارىپ ئورۇقلىرىنى پۈتۈن تارىم ۋە جۇڭغار ۋادىسىغىچە چېچىپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ كېيىنكى راۋاجى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى.

دېمەك، مىلادىنىڭ 1910 - يىللىرىنىڭ ئالدى - كەينىدە
يالغۇز ئىكساقتىلا سەككىز سىنىپلىق بىر چوڭ باشلانغۇچ مەكتەپ،
بىر دارىلمۇئەللىمىن (ئوتتۇرا تېخنىكوم) مەرىپەت مەشئىلى بو-
لۇپ نۇر چاچقانىدى.

1910 - يىلىدىن باشلاپ «ھۇسەينىيە مەكتىپى» گە تۈر-
كىيىدىن ئوقۇشنى تۈگىتىپ ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن تۇرسۇن
ئەپەندى (1886 — 1937 - يىللار) مۇدىر بولۇپ بەلگىلەندى. تۇر-
سۇن ئەپەندى بۇ مەكتەپتە تاكى 1933 - يىلغىچە جەمئىي 23
يىل مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. كېيىن مائارىپ خىزمە-
تىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن قەشقەرگە يۆتكىلىپ، 1934 - يىلدىن
1937 - يىلى تۈرمىگە ئېلىنغۇچە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىندە ئو-
قۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىدى. كېيىن تۈرمىدە قۇربان بولدى.

تۇرسۇن ئەپەندى ھاتەم ئوغلى 1886 - يىلى ئاتۇش نا-
ھىيىسىنىڭ ئىكساق كەنتىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان،
ئۇ بىر مەزگىل دىنىي مەكتەپتە ئوقۇدى. 1894 - يىلى يېڭى
مەكتەپ («ھۇسەينىيە مەكتىپى») گە كىرىپ ئوقۇدى. 1902 -
يىلى باۋۇدۇن باي تەرىپىدىن تۇرسۇن ئەپەندى، كامىل ئەپەن-
دى، ھەسەن ئەپەندى قاتارلىق سەككىز نەپەر ياش بىلىم ئا-
شۇرۇش ئۈچۈن تۈركىيىگە ئەۋەتىلدى. تۇرسۇن ئەپەندى 1902-
يىلدىن 1905 - يىلغىچە ئاۋۋال ئىستانبۇلدىكى قىسقا مۇددەتلىك
دارىلمۇئەللىمىندە، كېيىن 1905 - يىلدىن 1910 - يىلغىچە
«سۇلتانەم» ناملىق يۇقىرى دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ئو-
قۇپ، بۇ مەكتەپنى ئەلىيۇلئەلا (ھەممە پەنلەرنى ئەلا) دەرىجىدە
تۈگەتتى. ئۇ بۇ مەكتەپلەردە ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە تىللارنى-
مۇ پىششىق ئۆگەندى. شۇ يىلى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن
يىللارغىچە ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن قان - تەر ئاققۇزۇپ ئىش-
لىدى. نەچچە ئىگىلىغان ياش ئەۋلادلارنىڭ قەلبىنى مەرىپەت
چىرىغى بىلەن يورۇتتى. مەكتەپ باشقۇرۇش خىزمىتىدە بىر يو-

روۋش پېداگوگىكىلىق پرىنسىپلارنى، مەكتەپ نىزامنامىسى، ئوقۇ-تۇش پروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ئەمەلىي ئىجرا قىلدى. مۇشۇ ئارقىلىق «ھۆسەينىيە مەكتىپى» نىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. خەلقنىڭ مۇئەللىملەرگە بولغان ھۆرمىتىمۇ ئاشتى.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تۆھپىسى بۇ مەكتەپتە يېڭى زامان تەنتەربىيە پائالىيىتىنى پائال راۋاجلاندۇرغانلىقى بولدى. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە بۇ مەكتەپتە پۇتبول، بالقان، تامپاس، بىلۋ، يېنىك ئاتلىتكا، كالتەك، تاش كەتتى-تاش كەلدى، ئەسىر ئېلىش، ياغلىق تاشلاش، ئىلەڭگۈچ، چىغىرىق، تاغقا چىقىش، نەيزە تاشلاش، چويۇن تەخسە ئېتىش، قارىغا ئېلىش، دالا يۈگۈرۈشى قاتارلىق خىلمۇ خىل تەنھەرىكەتلەر راۋاجلاندۇرۇلدى. تۇرسۇن ئەپەندى ئۇيغۇر يېڭى مائارىپ تارىخىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن تەنتەربىيىنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئەڭ تۇنجى بايراقدارى بولۇشقا مۇناسىپ، مەسىلەن: «ھۆسەينىيە مەكتىپى»دە تەشكىللەنگەن پۇتبول كوماندىلىرى مۇسابىقە مەيدانىغا كىرىش چېغىدا تۇرسۇن ئەپەندى ئۆگەتكەن تۆۋەندىكى ناخشىنى ياڭرىتاتتى:

جانىمسەن، شانىمسەن،
تۇمەن يىللار سەن ياشا؛
ئەي مۇبارەك ۋەتىنىم،
مىڭ ياشا، مىڭ-مىڭ ياشا.

مۇسابىقە ئاخىرلىشىپ مەيداندىن چىقىدىغان چاغدا بولسا، تۆۋەندىكى ناخشىنى جاراڭلىتىپ ئېيتاتتى:

ئارقاداشلار توپلىنايلى، جەھلىن ئۆيىن بۇزغىلى،
ئەل كۆزىن ياپقان قاراڭغۇ پەردىلەرنى يىرتقىلى؛

**ئىنقىرازدىن خەلقىمىزنى قۇتقۇزار بىلىم ئىرۇر،**
**بىزلەرنىمۇ بۈگۈن ھەم دەل بىلىم ئۆزى قۇتقۇزۇر.**

مۇشۇنداق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنىڭ روھى بىلەن قوراللانغان يېڭى مەكتەپ كوماندىسى 1927 - يىلى مايدا قەشقەر سەمەن رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئەنگلىيە ۋە شۋېتسىيە ئەللىرىنىڭ سىپارەتخانا كوماندىلىرىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مۇتلەق ئۈستۈنلۈك بىلەن مەغلۇپ قىلىپ، چەتئەللىكلەرنى تاڭ قالدۇردى. مۇتەئەسسىپلەرگە يېڭى مائارىپنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى كۆرسەتتى. پۈتۈن تارىم ۋادىسى تەنتەنىگە چۆمدى.

تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاتۇشتا ئومۇملاشقان پۇتبول تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ ئاممىۋى ئاساسى دەل «نورۇز بايرىمى» نىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ. دېمەك، ئاق تېرە توماق (ئىچىگە كونا پاختا تىقىپ دۈگىلەك قىلىنغان توپ) تېپىپ چېنىققان ئاتۇش تەنھەرىكەتچىلىرىنىڭ قەشقەر سەمەن رايونىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر مەيدان پۇتبول مۇسابىقىسىدە غەلىبە قىلغانلىقى بۇ تەنتەربىيە ھەرىكىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىدە ئۇزاق ئەنئەنىگە ئىگە بولۇپ، يېڭى مائارىپنىڭ جانلىنىشى بىلەن يۇقىرى پەللىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1927 - يىل ماي ئېيىدىكى بۇ پۇتبول مۇسابىقىسى سەمەندىكى ئابدۇشۈكۈر ھاجىنىڭ بېدىلىكىدە ئۆتكۈزۈلدى. رەسمىي مۇسابىقىغە چۈشۈشتىن بۇرۇن، ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى كۆرەڭلىگەن ھالدا تۇرسۇن ئەپەندىگە شەرت قويۇپ:

— ئەگەر سىلەر ئۇتساڭلار، كۈمۈش ئىگەر - جابدۇقلۇق ئارغىماق تارتۇق قىلىمىز. بىز ئۇتۇۋالساق قانداق قىلىسىلەر؟... دېدى. تۇرسۇن ئەپەندى يۈرەكلىك ھالدا:

— بىز ئىككى قاتلاپ بېرىمىز، — دەپ جاۋاب قايتۇردى.

پۇتبول مەيدانى قىلىنغان بېدىلىكنىڭ ئىگىسى ئابدۇشۈكۈر ھاجىم ئاملىق مويسىپىت زات يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئىككى قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا:

— ئەزىمەت باللىرىم، غەيرەت قىلىپ ئۇتۇڭلار، يەرنىڭ ئىجارىسىنى ئالمايمەن، بىر بورداق قويۇم بار، سويۇپ سىلەرنى مېھمان قىلىمەن، — دەپ ئاتۇش كوماندىسىغا مەدەت بەردى. كوماندا ئەزالىرى تولۇپ تاشقان جاسارەت بىلەن مۇسابىقىغە چۈشتى. ئىككى - ئۈچ سائەت سوزۇلغان جىددىي ئېلىشىشلاردىن كېيىن ئاتۇش كوماندىسى ئىنگلىزلەرنى بىرگە قارشى ئىككى نەتىجە بىلەن، شىۋېتلەرنى نۆلگە قارشى يەتتە نەتىجە بىلەن يېڭىپ چىقتى، پۈتۈن مەيدان قىقاس ۋە گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىغا چۆمدى. مانا بۇ ئىكساق يېڭى مائارىپىنىڭ تەنتەربىيە جەھەتتىكى چوڭ غەلىبىسى ئىدى.

※ ※ ※

لېكىن، بۇ يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىگە بىر قىسىم مۇتەئەسسىپ كۈچلەر جان - جەھلى بىلەن قارشى ئىدى. شۇڭا ئۇلار يېڭى مائارىپنى ھۆكۈمەتكە چاقاتتى. ھەتتا باۋۇدۇن مۇساباييغا «قوزغىلاڭ قىلماقچى» دېگەن بۆھتاننى چاپلاپ، ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلدى. ئۇلار مۇنداق بىر ئىشنى باھانە قىلغانىدى:

... بىر كۈنى «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن» مۇدىرى ئەھمەت كامال ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىنى سەيلە قىلدۇرغاچ چۆمۈلدۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن تۈمەن دەرياسى بويىغا ئېلىپ بارىدۇ. ئوقۇغۇچىلار دەريا ۋادىسىدا قوللىرىغا كالتەك تۇتقان ھالدا مارش توۋلاپ، مەشكە دەسسەپ چېنىقىش يۈرگۈزىدۇ. بۇ مەشغۇلاتنى كۆرگەن بىرنەچچە پايلاقچىلار ئۇدۇل شاپاشلاپ بېرىپ، دوتەيگە چاقىدۇ. چاڭ دوتەي بۇ ئەھۋالنى ئۇرۇمچىگە مەلۇم

قىلىدۇ. كېيىن باۋۇدۇن مۇسابايىنى دوتەي مەھكىمىسىگە چاقىرتىپ كېلىپ سوراق قىلىدۇ:

— سەن نېمىشقا مەكتەپ ئاچتىڭ؟ مەكتەپتە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

باۋۇدۇن مۇساباي ئۇنىڭغا جاۋابەن:

— قۇرئاندا «ئىقرە» دېگەن سۈرە بار، مەنىسى «ئوقۇڭلار» دېگەن بولىدۇ. ئوقۇغان، قارىنى ئاقارتقان گۇناھ بولمايدۇ. ئۇنىڭ جانابىڭىزغا ھېچقانداق دەخلىسى يوق، — دەيدۇ.

چاڭ دوتەي بۇ ھەققانىي جاۋابتىن بىرئاز تەمتىرەپ:

— ئۇنداقتا سەن دۆلەت تىلىنى ئوقۇتامسەن؟ — دەپ سورايدۇ.

— بىلىم ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن پەرز ھەم قەرز. روسۇلىللا «بىلىم چىنىدا بولسىمۇ ئۆگىنىڭلار» دېگەن، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ، — باۋۇدۇن مۇساباي.

— ئۇنداق بولسا، — دەيدۇ دوتەي، — مەن ساڭا ئىككى سۆز قىلىمەن:

بىرىنچىسى، مەن ساڭا دۆلەت تىلى① ئوقۇتىدىغان بىر مۇئەللىم بېرىمەن؛

ئىككىنچىسى، سەن تۈركىيىدىن كەلگەن ئەپەندىلەرنى ھەيدىۋېتىسەن ...

باۋۇدۇن مۇساباي دۆلەت سىستېمىسىدا ئىككى شۆتاڭ (مەكتەپ) ئېچىشقا ۋە ئەھمەت كامال قاتارلىق تۈركىيىلىك مۇئەللىملەرنى كەتكۈزۈۋېتىشكە ماقۇل بولىدۇ. شۆتاڭ مەكتەپنىڭ بىرى قەشقەر ياۋاغ دۇباخانىدا «دى يى شۆتاڭ»②، ئىكساقتا «دى ئەر شۆتاڭ»③ دېگەن ۋۇۋسكا ئېچىپ رەسمىي

① شۇ چاغدا خەنزۇچە تىل - يېزىق «دۆلەت تىلى» دېيىلەتتى.

② ③ «بىرىنچى مەكتەپ»، «ئىككىنچى مەكتەپ» دېگەن سۆز.



AltunOq

ئوقۇش باشلايدۇ. چاك دوتەي ئۆز ئوغلىنى ئىكساقتا مۇئەللىم قىلىپ ئەۋەتىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ياۋاغ ۋە ئىكساقتا چاكلاۋشى، چىلكلاۋشى، مالاۋشى، شۇلاۋشى ۋە توختىلار دۆلەت تىلى ئوقۇتىلىدىغان بىر سىنىپلىق شۆتاڭغا ئوقۇتقۇچى بولىدۇ.

## 3

لېكىن، ئىكساقتا ياندۇرۇلغان مەرىپەت شامىنى جاھالەت كۈچلىرى ئۆچۈرۈۋېتەلمىدى. «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دىن كېيىن ئاستىن ئاتۇشتىن مەرىپەتپەرۋەر تاش ئاخۇنۇم ئەزىزى 1894 - يىلى ۋاقۋاق كەنتىدە بىر سىنىپ يېڭى مەكتەپ تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭغا موللا مەمەت خەلپىتىم بىلەن بىر تاتار مۇئەللىمنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى. بۇ مەكتەپنىڭ نامى «تاش ئاخۇنۇم مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. بۇ مەكتەپكىمۇ ھەرقايسى يۇرتلاردىن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

1910 - يىلى ئاستىن ئاتۇش تىجەنلىك تەرەققىيپەرۋەر زات قۇربان ھاجىم ئاق مەيدانغا بىر سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ سالدۇرۇپ، ئەھمەت كامالنى بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلدى. ئەھمەت كامال بۇ مەكتەپكە ھەرقايسى يۇرتلاردىن تاللاپ 40 نەپەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. لېكىن «ئاق مەيدان مەكتىپى» بىر يىلچە داۋام قىلىپ، قارا كۈچلەر تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلگەن بولسىمۇ، مەكتەپنىڭ مەنىۋى تەسىرى ئامما ئىچىدە چوڭقۇر ۋە ئۇزۇنغىچە ساقلاندى. ئەھمەت كامال كېيىن قەشقەر «جانان كوچا مەكتىپى» ۋە ئوپال، تاشمىلىق مەكتەپلىرىدىمۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

1920 - يىلى ئاستىن ئاتۇش تىجەنلىك ئەھمەت ھاجىم ئۈرۈمچى شىخابادا ئۈچ سىنىپلىق يېڭى مەكتەپ تەسىس قىلدى. بۇ زات 1925 - يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىپ تىجەندە بىر يېڭى مەكتەپ ئاچتى. بۇ مەكتەپ «ئەھمەدىيە» دەپ ئاتالدى.

1930 - يىلى جىڭ شۇرىن ئامباللىرىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن «ئەھمەدىيە» يېنىدا بىر سىنىپلىق «خەنيۇ شۆتاڭ» (خەنزۇچە مەكتەپ) تەسىس قىلىنىپ، ۋېي فامىلىلىك ئادەم مۇئەللىم بولدى، ئۇنى كىشىلەر ۋېي لاۋشى دەپ ئاتايتتى.

بىراق ئىكساقنىڭ مەرىپەت روھى ئاتۇش دائىرىسىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى. 1930 - يىللارنىڭ بېشىدا قەشقەردىكى ئابدۇكېرىمخان مەخسۇمنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئىكساقتىن پەخرىدىن خەلپىتىم 50 نەپەر ياشنى باشلاپ قەشقەر شەھەر ئىچىگە كىرىپ مەرىپەتكە دالالەت ۋە تەرغىبات دولقۇنىنى قوزغىدى، بۇ يەردە 1931 - يىلى قۇرۇلغان تۇنجى يېڭى مەكتەپ «نو بېشى» مەكتىپىگىمۇ ئىكساقتىن ئوقۇتقۇچى يەتكۈزۈپ بېرىلدى. قەشقەر شەھىرىدە قۇرۇلغان تۇنجى دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە ئىكساقتىن بارغان تۇرسۇن ئەپەندى، مەمتىلى ئىمىنوۋ، تەلئەت ئەپەندى، شاۋۇدۇن ھوشۇر قاتارلىقلار تايانچلىق رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىكساق مائارىپى شۇ يىللاردا قەشقەرگە يەنە 26 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئەۋەتتى: پەخرىدىن توختى، پەخرىدىن كېرىم، ئابلىز شاقاسىم، ئابلىز باقى، ئابدۇغوپۇر، مەھەممەت ھەسەن، ئابدۇغوپۇر مەتتىلاجى، ھېيتاخۇن خەلپىتىم، ئەبەيدۇللا قاتارلىقلار قوغان، يېڭى ئۆستەڭ، تاشمىلىق، قوناق بازىرى، بەشكېرەم ۋە ئوپال قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى.

يېڭى مائارىپچىلىقنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئاساسىي بازىسى ئىلى ۋادىسى بولدى. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئىلى ۋادىسى يېرى مۇنبەت، ھۆل - يېغىنى كۆپ، سۇ مەنبەسى مول، ئاشلىق ۋە چارۋىغا باي بىر جاي. بۇ يەردە سانائەت ۋە مائارىپنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ھەممە ئىمكانىيەتلەر تەييار

ئىدى. مۇسابايلارنىڭ ماددىي بايلىقى كېيىنكى چاغلاردا ئەنە شۇ ئىمكانىيەتلەر ئاساسىدا راۋاج تاپقان. ئۇلارنىڭ مائارىپ پىلانىمۇ ئەنە شۇ ئىمكانىيەت زېمىنىغا قۇرۇلغان. ئەينى زامان ئۆلچىمى بويىچە ئالغاندىمۇ ئۇلار ياۋروپادىكى بەزى ئەللەر بىلەن دوگوۋورلىشىپ سېتىۋالغان تۇنجى زامانىۋى زاۋۇتى — «ھۈسەيىن ھاجى خۇرۇم زاۋۇتى» ئەنە شۇ ئىلى ۋادىسىدا قۇراشتۇرۇلدى. شۇنداقلا ئۇلار يىراقنى كۆزلىگەن مائارىپ پىلانىغا ئاساسەن، چەت ئەللەرگە چىقارغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا مەسئۇت سەبىرى، جىرجىس ھاجى قاتارلىق ياشلارنى ئىلى ۋادىسىدىن تاللىغاندى. بۇ ئوقۇغۇچىلار 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چەت ئەللەردىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئىلىدا تۇنجى يېڭى مائارىپنىڭ تايانچى ئوقۇتقۇچىلىرى بولدى.

1889 - يىلى ئىلىدىمۇ تۇنجى يېڭى مەكتەپ — «ھۈسەيىنىيە مەكتىپى» تەسىس قىلىندى. ئىلىدا قۇرۇلغان بۇ مەكتەپنىڭ تۈرتكىسىدە ئىلى ۋادىسىدا يەنە 1905 - يىلى «ھۈنەر - كەسىپ مەكتىپى»، 1911 - يىلى «بەشىرىيە مەكتىپى»، «تۇرانىيە مەكتىپى» ۋە «سايرامىيە مەكتىپى»، 1916 - يىلى «مەكتىپى نۇر» ۋە «ئەلا باي قورا مەكتىپى»، 1924 - يىلى «دەرنەك مەكتىپى»، 1925 - يىلى «كەشپىيە مەكتىپى»، 1928 - يىلى «مۇراد مەكتىپى»، 1932 - يىلى «تائالىيە مەكتىپى» قاتارلىق مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن تەسىس قىلىندى. بۇ مەرىپەت باغچىلىرى ئىلى رايونىنىڭ كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

ئىكساقتا باشلانغان يېڭى مەرىپەت ئۇرۇقلىرى باشقا جايلاردىمۇ يىلتىز تارتىپ چېچەكلىدى. 1905 - يىلى يەكەندە «مەتلىئىلئىرپان مەكتىپى» قۇرۇلدى. «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى»نى تۈگىتىپ 1910 - يىلى كۇچاغا ئەۋەتىلگەن

روزى ئەپەندى مەرىپەتپەرۋەر زات ھامىت ھاجى بىلەن بىرلىكتە كۇچادا «نىزام ھامىدىيە» مەكتىپىنى، گۇچىڭغا ئەۋەتىلگەن شاۋۇدۇن قارى «گۇلشەن» مەكتىپىنى تەسىس قىلغانىدى.

※ ※ ※

بىراق، يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتى يېڭى شەيئى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا قارشى مۇستەبىت ھاكىمىيەت بىلەن يەرلىك مۇتەئەسسىپ كۈچلەر بىرلىشىپ «مۇقەددەس ئىتتىپاق» تۈزۈپ، مەرىپەت باغچىلىرىنى كۆكلەتمەسلىككە ئۇرۇناتتى. ھەتتا تەھدىت سېلىش ۋە پوپوزا قىلىشتەك رەزىل تەدبىرلىرىنى ئىشقا سالاتتى. ئۇلار خەلقنى نادانلىقتا تۇتۇپ ئىدارە قىلىشنى ھېيلىسىدىن ئاسانلىقچە ۋاز كەچمەيتتى. شۇڭا ئۇلار يېڭى مەكتەپلەرنى تاقىۋېتىش، ئوقۇتقۇچىلارنى قوغلىۋېتىش ھەتتا قاماپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ۋەھشىيلىكلەرنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمىغانىدى. بۇ ھەقتىكى قانلىق پاكىتلار ئىنتايىن كۆپ.

ئەنە شۇ تۇپەيلىدىن يېڭى مائارىپنىڭ ئاساسچىلىرى جامائەت پىكرى تۇپلاش، خەلقنى ئويغىتىش يولىدا تەشۋىق - تەرغىبات يۈرگۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنىمۇ قولدىن بەرمىدى. ئاكا - ئۇكا مۇسابايلار 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا «مەتبەئى خۇرشىد، مەتبەئى نۇر» ناملىق تاش مەتبەنى سېتىۋېلىپ كىرگۈزۈپ، شائىر تەجەللى① ۋە شائىر قۇتلۇق شەۋقىلەرنىڭ ئەسلە

① تەجەللى — ئەقىلدارلىق شائىر ھۈسەيىنخان تەجەللى (1848 — 1927) قاغىلىق ناھىيىسىدە ئاتاقلىق تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. دېھلى، ئىران، كابىل قاتارلىق بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان. ئەقىل - پاراسەتلىك، زېھنى زاكاۋەتلىك بۇ ئالىمغا ئەينى زاماندىكى ئەدىب، ئۆلىمالار «تەجەللى - مۇجەللى» (چاقناپ تۇرىدىغان نۇر ۋە ھۆججەتلەرنىڭ غالىبى) دېگەن تەخەللۇسنى بەرگەن. تەجەللى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يازغان بىر قەسىدىسىدە ئاتىنىش ئىككى قىتىم قەد كۆتەرگەن «ھەيىب ئەجەم گۇمبىزى» ھەم ئۇنىڭ بىنا

تىمىسىگە يارىدەم بەردى. تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ «ئۇسۇل تەدرىسى» ناملىق پېداگوگىكىلىق رىسالىسىنىمۇ ئاشۇ مەتبە ئارقىلىق بېسىشنى ھاۋالە قىلغانىدى. قۇتلۇق شەۋقى مۇھەررىرلىكىدىكى «ئاڭ گېزىتى» بازۇدۇن مۇساباينىڭ ئىقتىسادىي غەمخورلۇقى ئارقىسىدا 1910 - يىلى قەشقەردە دۇنياغا كېلىپ، مەرىپەت دۈشمەنلىرى بىلەن تىغمۇ تىغ ئېلىشىدىغان كۈرەش مۇنبىرىگە ئايلاندى. قۇتلۇق شەۋقى مەزكۇر گېزىتتە مۇنداق خىتاب قىلغانىدى:

بىر قىلىچ بەرسە «خۇدا»، كەس! دەپ ئۇنىڭغا بۇيرۇسام،
ئۈزسە خەلقىم بويىنىدىن خارلىق - كىشەن زەنجىرىنى؛
گەر خاراپكەن ئەل - ۋەتەن، كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ،
كۆرمىسۇن شەۋقى كۆزى، قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى...

«ئاڭ گېزىتى» ئاڭ تەرغىباتىنى ئەنە شۇنداق يالقۇنلۇق خىتابلار بىلەن باشلىغانىدى.

ئەينى زاماندا ئاتۇش ۋە قەشقەر جۇملىدىن تارىم ۋادىسىدا باشلانغان يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىدە مەشھۇر ئالىم ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇۋارىس قەشقەرى (1862 — 1924 - يىللار) جاھالەتكە قارشى جەڭچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

ئابدۇقادىر داموللا ئاتۇش ئاھىيىسىنىڭ سەشھەت كەنتىدە بىر ئوقۇمۇشلۇق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆز يۇرتىدا ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە خېلى يۇقىرى بىلىم ئالىدۇ. لېكىن ئۇ بۇنىڭ بىلەن قانائەتلەنمەي بۇخارا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەرگە بېرىپ ئۇزۇن يىل ئۆگىنىدۇ. كېيىن كىچىك ئاسىيا ۋە

---

دىكى يېڭى مائارىپ مەشئەلى «ھۇسەينىيە مەكتىپى» ۋە ئۇنىڭ ئاساسچىلىرىنى لاتاپەتلىك ۋە ئوبرازلىق بەدىئىي تىل بىلەن مەدھىيىلىگەنىدى.



AltunOq

ئوتتۇرا شەرق ئەللىرىگە بېرىپ ئۇ يەرلەرنى كۆزىتىدۇ ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇساھاجى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى باشلىغان يېڭى مەرىپەت دولقۇنىنى ئاكتىپ قوللاپ، مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىدۇ. ئۇ، جاھانگىرلىككە، ئىستىبدات تۈزۈمگە، مۇتەئەسسىپ بايلار گۇرۇھىغا، جاھىل روھانىيلارغا قارشى كۈچلۈك كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ، ئالدى بىلەن ئاممىنى قوزغاپ قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى «شەۋېت مىسسىئونېرلىرى مەتبەسى» نى پاچاقلاپ تاشلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىدى. ئۇ، شەۋېتلارنىڭ خوتەن ۋىلايىتىدە 30 غا يېقىن ئۇيغۇر بالىسىنى گۆرۈگە ئېلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، باۋۇدۇن مۇسابايغا مەدەت بېرىپ، مەزكۇر بالىلارنى شەۋېتلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇش يولىدا ھەمكارلىشىدۇ. قۇتقۇزۇۋېلىنغان بۇ ئۆسمۈرلەر ئىكساققا ئېلىپ كېلىنىپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» دە تەربىيىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن كېيىن بوغالتىر، دۇكانچى، ئامبارچى، ئىش باشقۇرغۇچىلار يېتىشىپ چىققانىدى. ھازىر ھايات ياشاۋاتقان مەھەممەت ئاكا، پازىل جان، ئەنۋەر، مىجىت ئاكا، ھاشىم ئاكا، نىياز قاتارلىق پېشقەدەملەر ئاشۇ تارىخنىڭ جانلىق گۇۋاھچىلىرىدۇر. شەۋېت مەتبەسى پاچاقلىنىپ تاشلىنىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنى دەرسلىك قوللانما بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن داموللا ئابدۇقادىر قەشقەرى 1910 - يىلى يېڭىسارلىق نۇر ھاجى بىلەن بىرلىشىپ «مەتبەئى نۇر» ناملىق مەتبە تەسىس قىلدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۈچۈن ئەڭ كۆپ دەرسلىك كىتاب تۈزۈپ ۋە يېزىپ بەرگەن ئالىم ۋە دىداكتىك مۇئەللىپ يەنە شۇ ئابدۇقادىر قەشقەرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن پۈتۈن شىنجاڭ دائىرىسىدىكى ئۇيغۇر مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىنىپ ئوقۇلغانلىرىنىڭ تىزىملىكى مۇنۇلار: «ئىلمىي



داموللا ئابدۇقادىر قەشقەرى

تەجۋىد»، «ئىلمىي ھېساب»، «ئىلمىي جۇغراپىيە»، «مۇھىم ئەقىدىلەر ساۋاتى»، «گۆدەكلەرگە تەربىيە»، «ئەدەبىيات ئاچقۇچى»، «ئۆسمۈرلەرگە نەسىھەت»، «ئامىمغا نەسىھەت» ۋە باشقىلار. بۇلارنىڭ بەزىسى قەشقەرنىڭ ئۆزىدىكى «مەتبەئى نۇر» باسماخانىسىدا، بەزىلىرى «قازان نەشرىياتى»دا بېسىلىپ تارقىتىلغانىدى.

ئابدۇقادىر قەشقەرى كۆپ تەرەپلىمە مەلۇماتلىق ئالىم ۋە تىلشۇناس ئىدى. ئۇ ئەرەب، پارس، ئوردۇ ۋە تۈركىي تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. ئۇ يەنە كىلاسسىك ئۇستا ناتىق، ماھىر مۇنازىرىچى ۋە شائىر ئىدى. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ماقالىلىرى زامانىسىنىڭ ئاتاقلىق مەجمۇئەسى «شۇرا ژۇرنىلى»دا ئېلان قىلىنغان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرىنىڭ ئېتىبارىنى جەلپ قىلغانىدى.

مەرىپەتپەرۋەر بۇ ئالىم يېڭى مائارىپنىڭ دۈشمەنلىرىگە، بولۇپمۇ يەرلىك بۆلگۈنچى مۇتەئەسسىپلەرگە رەھىمسىز دەككە بېرەتتى. ئۇ ئۆز سۆھبەتداشلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «ئىككى قوشقار ئۇسسۇشسا لوقچىغا بولار، ئىككى قارغا پوق تالاشسا ئوقچىغا ...» دەپ تۇراتتى. ئابدۇقادىر قەشقەرىنىڭ بىر ئەسىرىدە دىئالوگ شەكلىدە يېزىلغان تۆۋەندىكى قۇرلاردىن ئۇنىڭ مەرىپەت ئىدىيىسىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز:

— ئىنسان نېمە ئۈچۈن خار ۋە زەبۇن بولىدۇ؟

— ئىككى سەۋەبتىن: بىرىنچى، نادانلىق ۋە جاھىللىقتىن، ئىككىنچى، تەپرىقە ۋە ئىتتىپاقسىزلىقتىن.

— ئىززەت، ئابروي ۋە كۈچ نەدىن كېلىدۇ؟

— بىلىم، مەرىپەتتىن ۋە ئىتتىپاقلىقتىن.

... ...

مانا بۇ دىئالوگلاردىن بۇ ئالىمنىڭ نادانلىق، جاھىللىققا ۋە ئىتتىپاقسىزلىققا قارشى كۈرەش روھىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.



[illegible]

(1917 - يىللىرى)

# 4

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسلىق مەركەزلىرىدىن بىرى
تۇرپان — ئاستانە گەۋدىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. تەرەققىيپەرۋەر
مەقسۇت مۇھىتى (1885 — 1932 - يىللار) نىڭ يېتەكچىلىكىدە يېڭى
مائارىپ تۇرپان ئويمانلىقىدا، ئالدى بىلەن قاراغوجا ئاستانىدا
يىلتىز تارتتى. ئېلىمىزدە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئېلان قىلىنغان
ھامان مەقسۇت مۇھىتى تۇرپاندىن تاھىربەگ باشچىلىقىدا بىر
ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن
مەدەنىي - مائارىپتا ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ئۇ ئۆ-
زىمۇ ئەمەلىي ھەرىكەت قىلىپ، 1914 - يىلى موسكۋادىن ھەي-
دەر سايرانى ئىسىملىك تاتار زىيالىيسىنى تەكلىپ بىلەن كەل-
تۈرۈپ، ئۆزىنىڭ قورۇسىدا بىرىنچىلىق يېڭى مەكتەپ ئاچتى.
بۇ مەكتەپنىڭ نامى «مەكتەپى مەقسۇدىيە» دەپ ئاتالدى. ئوقۇ-
تۇلىدىغان دەرسلەر: ئانا تىلى، ھېساب، جۇغراپىيە، ئەسىرى سا-
ئادەت، ئىلمىي تەجۋىد... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.
ئۇ، 1917 - يىلى يەنە موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىنى تۈگەتكەن تاتار
زىيالىيلىرىدىن مۇھىببۇللا، گۈلەندەم ئاۋۇستاي ①(ئايال)، ئېلى ئېب-
رايىم، ھېسامىدىن قاتارلىق ئالتە ئوقۇتقۇچىنى ئېلىپ كېلىپ، يېڭى
مەكتەپ دائىرىسىنى گۈچۈڭ ۋە تۇرپان شەھەر ئىچىگىچە كېڭەيت-
تى. ئېلى ئەپەندى تۇرپان شەھەر ئىچىدە، ھېسامىدىن ئەپەن-
دى گۈچۈڭدا مەكتەپ ئاچتى. مۇھىببۇللا بىلەن گۈلەندەم ئاۋۇس-
تاي ئاستانىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. بۇلارنىڭ ئوقۇغۇچى-
لىرىدىن: ئابدۇرۇسۇل ئەپەندى، دۇگامەت ئەپەندى، نەجىبى،
مۆمىن، ئابدۇللا پەرسا قاتارلىقلار تۇرپان ئويمانلىقىدىكى يېڭى
مائارىپقا ئاساس سېلىشتا كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.
بولۇپمۇ گۈلەندەم ئاۋۇستاينىڭ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپى ئۇ-

---

① **ئاۋۇستاي** — تاتار تىلىدا مۇئەللىمە خانىم ياكى موللا-
چام دېگەن ھۆرمەت نامىنى بىلدۈرىدۇ.



AltunOq



گۈلەندەم خانىم (1930 - يىللىرى)

**چۈن** قوشقان ھەسسىسى ئىنتايىن چوڭ بولدى. ئۇ، يولدىشى — پېش-
قەدەم ئوقۇتقۇچى مۇھىببۇللا 1921 - يىلى ئاستانىدا كېسەل سەۋە-
بى بىلەن ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ تاكى 1925 - يىلغىچە تۇر-
پاندا ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋەردى. كېيىن ئۇ چۆچەككە بېرىپ ئىك-
كى مەكتەپ تەسىس قىلدى. ئۇنىڭ بىردىگە كىشىلەر مۇشۇ ئوقۇت-
قۇچىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن «مەكتىپى گۈلەندەمىيە» دەپ نام بەر-
دى، ئىككىنچىسىگە «مەقسۇدىيە» دېگەن نامنى بەردى.

ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر يېڭى مائارىپىنىڭ
ئايال مەنىۋى ئىنژېنېرى دەپ نام ئالغان گۈلەندەم ئاۋۇستاي
ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھەقىقىي مەرىپەت باغۋىنى ئىدى. ئۇ
ئۇزاق مۇساپىلەرنى، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپ، ئۇيغۇرلار يۇر-

تىغا كىلىش بىلەن تۇرپاننىڭ پىژغىرىم تومۇزلىرىدا، چۆچەك ۋە ئىلىنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا چىدام بىلەن ئىشلەپ، ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىدى. ئۇ مۇشۇ يۈكسەك پەزىلىتى بىلەن ئۆچمەس سەھىپە قالدۇردى. ئۇ ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ «سۆيۈملۈك ئانىسى» دەپ تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇنىڭ تۆھپىسى ۋە ئالىيجاناب ئەخلاقى ھېلىمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يالقۇنلىماقتا...

ئېلىمىزدە مەركىزىي ھۆكۈمەت ئېلان قىلغان مائارىپ لايىھىسىنىڭ قامچىلىشى ئاستىدا ئۈرۈمچىدە بۇرۇنقى شۆتاڭ مەكتەپلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئورنىغا 1916 - يىلى «بوغدا دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» ھەمدە 1924 - يىلى «قانۇن - تىل مەكتىپى» قۇرۇلدى، رۇس تىل - يېزىقى چەت تىل بولۇپ كىرگۈزۈلدى. بۇ مەكتەپلەردە يەنە خېلى كۆپ ئۇيغۇر، قازاق ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئوقۇغانىدى.

تۇرپان ئويمانلىقىدىكى مەقسۇت مۇھىتى تەسىس قىلغان يېڭى مائارىپ تۈزۈمى مۇستەبىت كۈچلەر بىلەن روھانىيلارنىڭ جىددىي قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئۇلار يېڭى مائارىپقا ئۆچمەنلىك قىلىپ، مەقسۇت مۇھىتىنى «جەدىت» دەپ ھاقارەتلىدى. نەتىجىدە ئاستانىدا ئېچىلغان يېڭى مەكتەپ بىر مەزگىل ئوقۇشنى توختىتىپ، مەكتەپنى گۈچۈڭگە ۋە لۈكچۈنگە كۆچۈرۈشكە توغرا كەلدى.

مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە تۇرپانلىق ۋەتەنپەرۋەر دېموكرات شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر (1901 — 1932 - يىللار) مەرىپەتپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى ئاجايىپ ئۆتكۈر شېئىرلارنى يېزىپ، نادانلىققا - جاھالەتكە قارشى كۈرەش قىلدى:

ئويغانغىن كەتتى جاھان، مەغرىبى - مەشرىق تامام،
مەن تېخى سۈت ئۇيقۇدا چۈش كۆرۈپ ياتارسەن.

باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق،
مەن مىسال يالاڭ ئاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارىمەن.

پەنگە ماڭساڭ كۆز ئېچىپ، كاپىر «جەدىت» دەپ قارغىشۇر،
بۇ ھاماقەت دەۋرىدە ئاتەش بولۇپ يانارىمەن.

مەن ـ بىلىمدىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت، خەۋپ ـ خەتەر.
مالىمىز قولدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرارىمەن...

ئۇ يەنە بىر شېئىرىدا ياش ـ ئۆسمۈرلەرنى ئوقۇشتىن توسۇپ نادانلىققا باشلىغان جاھىللارغا مۇنداق ئۆتكۈر كىنايە قىلىپ يازىدۇ:

ئوقۇتماي بالىلارنى ئوينىتىپ خوپ ياخشى چوڭ قىلدۇق،
ئىسىت! بۇ بالىلار ئاخىرى يېرىم نانغا سېتىلغايمۇ؟!

ئوقۇڭلار، ئوقۇتۇڭلار، ھاۋا ھەم ئەلپازىنى بۇزدى،
ئەگەر يوق بولسا ھازىرلىق بۇ مىللەت ھەم يوقالغايمۇ؟!

1931 ـ يىللارغا كەلگەندە، ئىستىبدات ھاكىمىيەت خەلقنىڭ بىلىم ئېلىپ كۆزى ئېچىلىپ كېتىشىدىن چۆچۈپ، روھانىي ۋە جاھىل كۈچلەرگە تايىنىپ بېسىقتۇرۇش تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزدى. مەقسۇت مۇھىتى خەلقنى كۈرەشكە تەشكىللىدى ۋە شەرەپ بىلەن قۇربان بولدى.

## 5

1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى ۋە «12 ـ ئاپرېل سىياسىي ئۆزگىرىشى» تۈرتكىسىدە پۈتۈن شىن-

جاڭ دائىرىسىدە، بولۇپمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر - يېزىلاردا قايتىدىن مائارىپ دولقۇنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇرۇن تارقىتىۋېتىلگەن مەكتەپلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، نۇرغۇنلىغان يېڭى ئوقۇش يۇرتلىرى قۇرۇلدى. شەھەر ۋە يېزا ئاھالىسىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ يېڭى مەكتەپكە بولغان ئىنتىلىشى چەكسىز قىزغىن ئىدى.

پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە قوزغالغان ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردىكى ئاتاقلىق ۋەكىلى ۋە قەيسەر جەڭچىلىرىدىن بىرى مەمتىلى توختاجى بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر ھۆرمەتلەپ مەمتىلى ئەپەندى دەپ ئاتايتتى. مەمتىلى ئەپەندى 1909 - يىللىرى ئىكساقتىكى «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» نىڭ ئوقۇغۇچىسى ئىدى.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ 30 - يىللىرىدىكى يۈكسىلىش مەزگىللىرىدە ئاجايىپ تۆھپە قوشقان بۇ مەشھۇر ئوقۇتقۇچى 1901 - يىلى ئاتۇشنىڭ بۇيامەت كەنتىدە بىر تېۋىپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاتىسى توختاجى تەرەققىيپەرۋەر كىشى ئىدى. مەمتىلى يېڭى مەكتەپتە تېز ساۋاتىنى چىقىرىدۇ، لېكىن مۇستەبىت ھۆكۈمەت بىر يىلدىن كېيىن مەكتەپنى پېچەتلىۋېتىدۇ. كېيىن ئۇ، ئاتىسى بىلەن بىللە 1920 - يىلى تاغ ئارقىسىغا (ئىلىغا) ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇ تۇرمۇش يولىدا جۇۋىچىلىق، تېۋىپلىق ۋە ئاشپەزلىك ھۈنەرلىرىنى ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شېئىر يېزىش ۋە ساز چېلىش ماھارىتىنىمۇ ئۆگىنىۋالىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بىلىم - مەرىپەتكە بولغان ئىشتىياقى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدۇ - دە، ئاخىرى چۆچەك ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتۈپ، تاشكەنتتىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا بىر يىلچە ئوقۇغاندىن كېيىن، 1923 - يىلى قارا دېڭىز ئارقىلىق تۈركىيىگە ئۆتۈپ، ئىستانبۇلدىكى مۇئەللىم يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا كىرىپ ئوقۇيدۇ ۋە بۇ كۇرسنى ئەلا تۈگىتىپ، ئىستانبۇلدىكى بىر باشلانغۇچ

مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ، ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئەڭ ئۇلۇغ خىزمەت دەپ تونۇيدۇ. ئۇنىڭ تەۋپىق (توغرا يول تاللىغۇچى) دېگەن تەخەللۇسى ئەنە شۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن.

ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى ئىنسان ھاياتىدىكى ئەڭ توغرا يول دەپ تاللىۋالغان مەمتىلى ئەپەندى ئۆز ۋەتىنىگە، ئۆز يۇرتىغا مەرىپەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىش ئۈچۈن 1932 - يىلى ئاتۇشقا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي پۈتۈن ئاتۇش دائىرىسى بويىچە ئىلىم - مەرىپەت دولقۇنىنى قوزغىۋېتىدۇ. ئۇ ئىقتىدارلىق تەرغىباتچى ۋە تەشكىلاتچى بولغىنى ئۈچۈن تېز ئارىدىلا ناھىيىلىك مائارىپ مەمۇرىيەت ئاپپاراتى ھەمدە ئاتا - ئانىلار كومىتېتى قاتارلىق تەشكىللەرنى قۇرۇپ چىقىدۇ. مائارىپ راسخوتى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدۇ.

مەمتىلى ئەپەندى چاقماق تېزلىكىدە تۇتۇش قىلىپ ئالتە ئاي ئىچىدە ئاتۇشنىڭ 24 كەنتىدە 24 مەكتەپ قۇرۇپ بولۇشنى پىلانلاپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن جاسارەت بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇ، بىر تەرەپتىن جامائەتنى كەنتلەرگە مەكتەپ سېلىشقا قوزغاش بىلەن ئالدىرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن 24 مەكتەپكە مۇئەللىم مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا باش قاتۇراتتى. ئۇ ئالدى بىلەن قىسقا مۇددەتلىك دارىلمۇئەللىمىن كۇرسىنى قۇردى. بۇ «ئوكئېرىق مۇئەللىملەر كۇرسى» دەپ ئاتالغانىدى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى دەسلەپتە 60 ئىدى. تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، تەنتەربىيە، ناخشا - مۇزىكا دەرسلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر يالغۇز مەمتىلى ئەپەندى ئۆزىلا ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا مۇئەللىم يوق ئىدى.

بىرقارار كۇرس تۈگىگەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى كۇرسانتلارنى بىر خىل كىيىندۈرۈپ تىزىلدۇرغان پېتى كەنت ئارىلاپ يۈرۈپ، ناخشا - مارشلارنى ياڭراتتى، ھەرقايسى مەكتەپلەرگە 60



AltunOq

مۇئەللىم ئورۇنلاشتۇردى. بۇ چاغدا پۈتۈن ئاتۇش زىلزىلىگە كەل-
گەندى. ئەنە شۇ مەرىپەت دولقۇنىدا ئۆزى يېزىپ، ئۆزى
ئاھاڭغا سالغان مارش ھەممىلا جايدا ياڭرايتتى:

بىز مۇئەللىم يۇرتلاردا مەكتەپ ئاچىمىز،
خەلقىمىزگە يوپيورۇق نۇرلار چاچىمىز.

تالاي يىللار زۇلمەتتە تېنەپ خار بولدۇق،
ئىلىم - ئېرپان يولىدا تەشنا - زار بولدۇق.

خۇراپاتتا قالدۇرۇپ ئەزدى زالىملار،
كۆزلىرىمىز قارىغۇ، كۆپ ناچار بولدۇق.

ئەمدى ماڭغان يولىمىز سائادەت يولى،
بىز يېڭىدىن ئېچىلغان ۋەتەننىڭ گۈلى.

ئوقۇتىمىز ئەۋلادنى يېڭى پەن بىلەن،
پۈختا بولسۇن مەكتەپنىڭ بېسىلغان ئۇلى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئاكتىپ تەرغىباتچىلىقى ئارقىسىدا كەڭ ئامما يېڭى مەرىپەتكە ئاۋاز قوشتى. ئاتۇشنىڭ ئۆزىدىلا مائارىپ قوينىغا كىرگەنلەر ئون مىڭدىن ئېشىپ كەتتى. مەمتىلى ئەپەندى ئاغزاكى تەرغىباتتىن باشقا يەنە جامائەتكە پايدىلىق ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بېرەتتى. مەسىلەن، مەكتەپلەردە خالىس ئەمگەك تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئۇنىڭ باشلامچىلىقىدا ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ئېتىز - ئېرىق ۋە يول بويلىرىغا بىر تۈمەن تۈپتىن ئارتۇق جىرىم قويۇپ، پۈتۈن ئاتۇش خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

يېڭى مائارىپچىلىق ھەرىكىتىنىڭ بۇ قايناق دولقۇنى ئاتۇشتىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باشقا ۋىلايەت، ناھىيىلەرگىمۇ يېتىپ بېرىپ، ئۇ يەرلەردىكى يېڭى مائارىپ دولقۇنى ئۇچۇن تۈرتكە بولدى. كورلا، لوپنۇر، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردا يېڭى مەكتەپلەر ئارقا - ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. ئاشۇ مەكتەپلەردە ئاتۇشتا مەمتىلى ئەپەندى ئىجاد قىلغان «بىز مۇئەللىم مەكتەپ ئاچىمىز» ، «بىز ئىزچىلارمىز» قاتارلىق جۇشقۇن ناخشىلارنى ئېيتىشىپ، پۈتۈن شەھەر، يېزا - قىشلاقلارنى ھاياجانغا سالغانىدى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى سوپىزادە (مەمتىمىن قارى ھاجى) ئاتۇشتىن ئاقسۇغا كېلىپ، 1934 - يىلى كۈزدە ئاقسۇدا تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنى قۇردى. بۇ مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى مەمتىلى ئەپەندى تەسىس قىلغان «ئوگئيرىق مۇئەللىملەر كۇرسى» (ئەمەلىيەتتە «ئوگئيرىق دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى») بىلەن دەل بىر مەزگىلگە توغرا كېلىدۇ. سوپىزادىمۇ مۇزىكانت، شائىر ۋە ناخشا ئىجادچىسى ئىدى. سوپىزادىنىڭ ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن ئۈچۈن ئىجاد قىلىپ بەرگەن «بۇ ئانا ماكان» ناملىق مەكتەپ شېئىرىنىڭ تېكىستى مەزمۇنىغا (بۇ تېكىست كېيىن مەشھۇر مائارىپچى ئابدۇللا روزى تەرىپىدىن قىسمەن تۈزىتىلگەن) دەل مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مەرىپەت ئىدىيىسى سىڭدۈرۈلگەن. ئۇ تېكىست مۇنداق ئىدى:

بۇ ئانا ماكان — كانى ئېرپان،
ئوقۇ، ئۆرلە، ئالغا يۈر...
مەرىپەت بىزگە بىرەر شەرەپ - شان،
ئوقۇ، ئۆرلە، ئالغا يۈر.
نەقرات
بىلىم بىلەن بىز شانلار قۇچىمىز،
ياشلىق ئوقۇش دەۋرىدۇر.

※ ※ ※

بىلىم بېغىدا گۈللەر ئېچىلار،
ھەر گۈل شېخىدا بۇلبۇللار سايرار،
بىلىملىك ئەۋلاد شان - شەرەپ قۇچار،
**ياشلىق ئوقۇش** دەۋرىدۇر.

※ ※ ※

ئىلىم ھېكمەتتىن بولۇر ئىززىتىڭ،
ئەخلاق - پەزىلەت بولسۇن خىسلىتىڭ.
ساغلام بەدەندۇر ئۆمۈر زىننىتىڭ،
ئوقۇ، ئۆرلە، ئالغا يۈر...

ئەينى يىللاردا يەنە ئاقسۇ ۋىلايىتى دائىرىسىدە قۇرۇلغان «نىيازىيە»، «مەكتەپى ئىسمائىلىيە» ، «ۋەتەن يۇنۇسىيە» ، «سۇتۇق بۇغراخان»، «تۆمۈر غازى» ، «تۇرانىيە» ، «سۇبھى سابا»، «ئابباسىيە» قاتارلىق مەكتەپلەرمۇ ئاشۇ قېتىملىق مائارىپ دولقۇنىنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى ئىدى.

بىراق، بۇ قېتىممۇ ئاتۇش مەركەز قىلىنغان بۇ داغدۇغىلىق مەرىپەت دولقۇنى يەنىلا ئىستىبدات تەرەپدارلىرى بىلەن بىر ئوچۇم مەرىپەت دۈشمەنلىرىنىڭ قارشىلىقىغا دۇچ كەلدى. ئۇلار ھەر خىل باھانىلەر بىلەن يېڭى مەكتەپلەرنى تارقىتىۋېتىشكە ئۇرۇندى. مەمتىلى ئەپەندىنىڭ شەخسەن ئۆزىگىمۇ ھاقارەت قىلىندى. مەرىپەت ئۈچۈن مۇھەببەت باغلىغان ياشلار ۋە ئوقۇغۇچىلارغا يوشۇرۇن چالما - كېسەك ئاتىدىغان، ئالدىنى توسۇۋېلىپ مەكتەپكە ماڭغۇزمايدىغان ، گاھىدا تىل - ھاقارەت تەككۈزىدىغان ۋەقەلەرمۇ سادىر بولاتتى. بۇ مۇئەييەن ھالدا، بىلىم-

مەرىپەتكە يۈزلىنىش بىلەن نادانلىق ۋە جاھالەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ بىر كۆرۈنۈشى ئىدى. مەمتىلى ئەپەندى بۇ كۈرەش-نىڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، جاھالەتكە قارشى ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى.

مەمتىلى ئەپەندى 1935 - يىل يازدا 100 نەپەر ئۆسمۈرنى تاللاپ «ئىزچىلار ئەترىتى» نى تەشكىللىدى. ئەترەت ئەزالىرى ئوخشاش بىر خىلدا ماش رەڭدە بويالغان كىيىم، پۇتىغا قىز-غۇچ سەندەل كىيگەن، قولىغا ئوخشاش رەڭلىك قىسقا كالتەك ئالغان، ئوخشاش سومكا ئاسقان ھالدا پىيادە يولغا چىقتى. ئۇ-لار پەيزىۋات، توققۇزاق، ئوپال، تاشمىلىق، يېڭىسار ۋە قەشقەر شەھەر ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، يېڭى مائارىپ تەشۋىقاتىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى. ئۇلار «ئىزچىلار مارشى» نى ياڭرىتىپ مەر-دانە قەدەم تاشلاپ ماڭاتتى:

بىز ئىزچىلارمىز، پۇت، قوللىرىمىز،
كۆز، دىماغىمىز، ھەر يېرىمىز ساغلام؛
خەلق يولىدا كۈرەش قىلىمىز،
دۈشمەنگە قارشى ساقلاپ ئىنتىقام.

ئۇزۇن ۋاقىتلاردا زالىم قولىدا،
ئىشلىيەلمىدۇق خەلق يولىدا؛
قۇللۇق ئورنىدىن ئەمدى دەرس تۇرۇپ،
ئالغا ئۆرلەيمىز ئېرپان نۇرىدا.

نەقرات

ئۆگەن، تىرىش، ياش ئىزچى باللار،
ۋەتەن ئىشقىدا قاينار ۋىجدانلار.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ بۇ ۋىجدانىي ھەرىكىتى شۇ ۋاقىت-تىكى قەشقەرنىڭ ھەربىي قوماندانى (شىجاڭ) مەھمۇت مۇھىتى تەرىپىدىن قارشى ئېلىندى. مەھمۇت مۇھىتى يالغۇز ئاغزاكى قوللاپ مەدەت بېرىپلا قالماستىن، بەلكى مەخسۇس ئىككى ئەس-كەرنى بەلگىلەپ مەمتىلى ئەپەندىنىڭ مائارىپ پائالىيىتىنى ۋە شەخسىي بىخەتەرلىكىنى قوغدىدى ھەمدە پۈتۈن ئاتۇش ناھىيىسىدى-كى يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە قارىتا ئاگاھلاندۇرۇش خېتى ئەۋەتىپ، ما-ئارىپ ئىشلىرىغا قىزغىن ياردەم بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى نۇق-تىلىق تەكىتلىدى(1). مەھمۇت شىجاڭنىڭ بۇيرۇق خېتىنى ئوق-ۇتۇرۇش يۈزىسىدىن مەشھەتتە — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى يېنىدىكى ئازنا مەسچىت قورۇسىدا ئېچىلغان، تۆرتمىڭ ئادەم قات-ناشقان چوڭ يىغىندا مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) سۆزگە چىقىپ كەڭ جامائەتكە قارىتا تۆۋەندىكى مۇراجىئەتنامىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

«... قېرىنداشلار، ئاتىلار - ئانىلار ۋە ئاقىداشلار، مەن بې-شىمدىن ئېغىر سەرگۈزەشتىلەرنى كەچۈرۈپ، يۇرتۇم ئۈچۈن ئىش-لەشكە بىلىم ئېلىپ كەلگەنمەن. يۇرت خەلقىنى ئاسارەتنىڭ كىشەن-لىرىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، مۇئەللىملىك كەسپىنى ئەڭ ئۇلۇغ كەسىپ، ئوقۇتقۇچىلىق يولىنى ئەڭ توغرا يول دەپ تاللاپ ئال-غانمەن. قاچاندۇر بىر كۈنى مېنى ئالتە يۈكلۈك قوغۇشۇن ئوقى ئاخىرەتكە ئۇزىتىشى مۇمكىن، لېكىن مەن ئەنە شۇ كۈننى كۈتىمەن.

---

(1) مەھمۇت شىجاڭ ھەتتا يىراق قىشلاقلاردىن ئىبارەت ناھىيە-لىرىگىچە يېڭى مەكتەپ ئېچىش توغرىسىدا ئالاھىدە ئەۋەتكەن ۋە ئو-قۇتۇش ماتېرىياللىرى يەتكۈزۈپ بەرگەن. بەزى قارى قاتارلىق كىشىلەر بۇ جايلاردا يېڭى مەكتەپنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىلار ئىدى. بۇلارنىمۇ بەكرى قارى يېڭى مەكتەپنىڭ مۇسىم تەشكىللىنىشى ئارقىلىق-تا بۇ مەكتەپلەر «مەكتەپى بەكرىيە» دەپ ئاتالدى.



AltunOq



بەختیاری زێوەر

(1936 — 1901)

چۈنكى مەن ۋەتەن يولىدا، مەرىپەت يولىدا ئىسسىق قېنىمنى تۆكۈشتىن زادى قايتمايمەن...».

مانا بۇ بىر ئۇلۇغ مائارىپچىنىڭ ۋىجدان ساداسى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھۇنەر - سەنئەتلىرى: ئاشپەزلىك، جۇۋىچىلىق، تېۋىپلىق، مۇزىكانتلىق بىلەن بۇ يالغۇز جېنىنى گۇلدەك ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيتتى، ئەمما ئۇ شەخسىي مەنپەئەتتىن كۆرە خەلق، مىللەت مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئالىي دەپ قارىغان، مائارىپنى خەلق، مىللەتنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارىغان. شۇڭا ئۇ مائارىپقا مۇھەببەت باغلاپ، شۇ مۇقەددەس خىزمەت يولىدا باش ھاياتىنى قۇربان قىلغان. مەرىپەت دۈشمەنلىرى ئۇنى 1937 - يىلى دەرسخانا مۇنبىرى يېنىدىن تۇتۇپ كەتتى ۋە شۇ يىلى ئىيۇلدا پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈۋەتتى.

مەمتىلى ئەپەندى، تۇرسۇن ئەپەندى، ئابدۇراخمان شائىر ۋە باشقا نۇرغۇن مۇنەۋۋەر مائارىپچىلىرىمىزنىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن ئىجتىھاتلىرى، تارتقان ئەزىيەتلىرى، ئاققۇزغان قانلىرى بىكارغا كەتمىدى. ئۇلارنىڭ چاچقان ئۇرۇقلىرى، قويغان كۆچەتلىرى مەرىپەت بېغىمىزنى باراقسان قىلدى. مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان مائارىپچىلىرىمىز شۇ ئىزدىن مەيدانغا كەلدى. مىليونلىغان ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قەلبىنى مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇتتى. بىز بۈگۈن ئاشۇ قەدىردان ئۇستازلىرىمىزنى، سۆيۈملۈك ئەجدادلىرىمىزنى ھۆرمەت بىلەن ئەسلەيمىز ۋە ئۇلارنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىمىز!

# X باب مىللىي بىرلىك سەپ① دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مائارىپى

1933 - يىلى 4 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ۋەزىيىتىدە يېڭى بۇرۇلۇش بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يېڭى بىر دەۋرى باشلاندى. بۇ يېڭى مائارىپ دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىچە:

1. پۈتۈن مائارىپ بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئاستىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. ئۈرۈمچىدە مائارىپ نازارىتى، ۋىلايەتلەردە مائارىپ ئىدارىسى، ناھىيىلەردە مائارىپ بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

2. مەكتەپلەر ئىككى سىستېما بويىچە باشقۇرۇلدى. ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر «شەنلى مەكتەپ»، ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن (خەلق تەرىپىدىن) باشقۇرۇلىدىغان مەكتەپلەر بولسا «خۇيلى مەكتەپ» دەپ ئاتالدى. ئالدىنقىسىنىڭ مالىيە خىراجىتى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن، كېيىنكىسىنىڭ بولسا ئۆشرە - زاكات كىرىمىدىن چىقىرىلاتتى. 1935 - يىلدىن باشلاپ قۇرۇلغان ئۇيغۇر ئۇيۇشمىلىرى (ئۈرۈمچىدە مەركىزىي ئۇيغۇر ئۇيۇشما، ۋىلايەتلەردە ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشما، ناھىيىلەردە شۆبە ئۇيغۇر ئۇيۇشما) ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن خېلى چوڭ ھەسسە قوشتى. مەسىلەن، شۇ دەۋرلەردە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى 580 بولسا، ئۇيۇشما قارىمىغىدىكى مەكتەپلەرنىڭ سانى 1883 كە يەتكەن. ئالدىنقىسىدا ئوقۇغۇچى-

① مىللىي بىرلىك سەپ — ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە قۇرۇلغان مىللىي بىرلىك سەپنى كۆرسىتىدۇ.

لار سانى 9333 بولسا، كېيىنكىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 180 مىڭ 35 كە يەتكەن①.

يالغۇز باي ناھىيىسىنىڭ ئۆزىدىلا «يېڭى زامانىدا 30 جايدا باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر دارىلمۇئەللىمىن بولۇپ، تەمىناتى شۇ يەردىكى ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن بولاتتى»②.

3. پەننىي دەرس بىلەن دىنىي دەرس ئايرىۋېتىلدى.

4. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەمىناتى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

5. ئاممىۋى ساۋات چىقىرىش، ئاممىۋى تەنھەرىكەت داغدۇغىلىق قانات يايدۇرۇلدى. خوتۇن - قىزلارنىڭ ئوقۇشقا كىرىش نىسبىتى زور كۆلەمدە ئۆستى.

6. دەسلەپكى يېڭى مائارىپتا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ مۇھىم مەركىزى قەشقەر، غۇلجا ۋە تۇرپان ئاستانە بولسا، «مىللىي بىرلىك سەپ دەۋرى» دە ئۈرۈمچىگە يۆتكەلدى.

1934 - يىلىدىن باشلاپ ئۈرۈمچىدە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى، گىمنازىيە، قىزلار گىمنازىيىسى، ھەربىي مەكتەپ، ساقچى كادىرلار مەكتىپى، شوپۇرلۇق مەكتىپى، رۇس تىلى گىمنازىيىسى، ئاۋىئاتسىيە مەكتىپى، دوختۇرلۇق مەكتىپى، دارىلئېيتام، مال دوختۇرلۇق مەكتىپى، دېھقانچىلىق تېخنىكومى قاتارلىق ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى بىلىم يۇرتلىرى ھەمدە ھەرقايسى مۇھىم كوچا - مەھەللىلەردە ئوغۇل - قىزلار باشلانغۇچ مەكتەپلىرى قۇرۇلدى.

1934 - يىلىدىن باشلاپ چىقىشقا باشلىغان «شىنجاڭ گېزىتى» (ئۇنىڭدىن بۇرۇن «تيەنشەنباۋ» دەپ ئاتىلاتتى) ۋە ھەرقايسى ۋىلايەتلىك گېزىتلەر ھەمدە ئۆلكىلىك سانائىي نەپىسە تىياتىرى ۋە ۋىلايەتلىك دراما ئۆمەكلىرى «مىللىي بىرلىك

①② «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى» 1982 - يىل، 5 - سان، 176 - بەت، 180 - بەت.



سەپ دەۋرى» دىكى مىللىي مائارىپنىڭ كۈچلۈك تەشۋىقات قوۋالى ئىدى.

ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ دەرس سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلگەن دەرسلەرنىڭ تۈرى 20 خىلغا يېقىنلاشقانىدى. مەسىلەن: ئانا تىلى (گرامماتىكا)، ئەدەبىيات نەزەرىيىسى، خەنزۇچە، ھېساب، ئالگېبرا، فىزىكا، خىمىيە، بوتانىكا، سىياسىي - ئىقتىساد، زوئولوگىيە، ئاناتومىيە، تارىخ، جۇغراپىيە، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، شېئىر - مۇزىكا، رەسىم، تەنتەربىيە، ھەربىي مەشىق ... قاتارلىقلار.

ئوقۇتقۇچى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھەربىر ۋىلايەتتىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا دەرىجىلىك دارىلمۇئەللىمىنلەر تەسىس قىلىنىپ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يېتىشتۈرۈلدى، قىسقا مۇددەتلىك بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرى ئېچىلدى.

1934 - يىلىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئىلگىرى - كېيىن ئۈچ قارار جەمئىي 300 گە يېقىن ئوقۇغۇچى چىقىرىلىپ، ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى. ئۇلار ئېلىمىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مىللىي مائارىپىمىزنىڭ تايانچلىرى بولۇپ كۆپ ھەسسە قوشتى.

ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ مۇشۇ گۈللەنگەن دەۋرىدە لېۋتچىكلار، ئاگرانوم، ئىنژېنېرلار، ئاتاقلىق ۋراچ - دوختۇرلار،

(123 - بەتتىكى فوتو سۈرەت: 1934 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيا - ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر قىسمى.)

ئالدىنقى رەتتىكى ئولتۇرغانلار (ئوڭدىن سولغا):

ئىسمائىل ھۇزۇللا، ئەيسانىياز، ھەۋەيدۇللا رەۋەيدۇل، ئابدۇقادىر ھەسەن، ئابدۇللا ھوشۇرۇپ، ئابدۇرېشىت مۇھىتى.

ئارقا رەت ئۆرە تۇرغانلار (ئوڭدىن سولغا):

ئابلىز شەرىپى. سەلىمۇپ، ئابلىمىت مەقسۇدۇپ، سەيدۇللا سەيپۇللايۇپ، سەيپىدىن ئەزىزى، باۋۇدۇن يۇسۇپ.

پېداگوگلار، دراماتۇرگلار، شائىرلار، مۇزىكانتلار، ئارتىست - ئارتىسكىلار ۋە تەرجىمانلار يېتىشىپ چىقتى. بولۇپمۇ مۇشۇ دەۋر مائارىپىنىڭ مېۋىلىرى بولغان ئەر - ئايال مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلار تاكى كېيىنكى چاغلارغىچىلىك ئۇيغۇر مائارىپىدا يادرولۇق روللارنى ئويناپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر مائارىپى ئۈچۈن يېرىم ئەسىر جان كۆيدۈرۈپ ۋە قان - تەر سىڭدۈرۈپ ئىشلىگەن نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرىمىز، تەربىيەچىلىرىمىز ھەتتا پۈتۈن ھاياتىنى، مال - مۈلكىنى خەلق مائارىپى ئۈچۈن بېغىشلىغان مەرىپەتپەرۋەر ئاتا - ئانا ۋە ئەجدادلىرىمىز بار. ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى بىزگە ھېلىمۇ چوڭقۇر ئىلھام بېغىشلايدۇ.

## 1. ئايخان ئانا ۋە ئايخان مەكتىپى

ئايخان ئانا 1888 - يىلى غۇلجا شەھەر ئىچىدە تۇغۇلغان. كېيىن دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ساۋاتىنى چىقارغان. ئۇ 1933 -، 1934 - يىللىرى دادىسى ۋە يولدىشىدىن قالغان مىراس تەئەللۇقاتىنى سەرپ قىلىپ غۇلجىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە مەخسۇس يېتىم بالىلار ئۈچۈن مەكتەپ سالدۇردى. بۇ مەكتەپ «غۇلجا خەيرىيەت مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. لېكىن كەڭ جامائەت بۇ مەكتەپكە كېيىن «ئايخان مەكتىپى» دەپ نام بەردى. «ئايخان مەكتىپى» بارا - بارا گۈللىنىپ، ئوقۇغۇچىلار سانى 300 گە يەتكەنىدى. بالىلارنىڭ پۈتۈن تەمىناتى ئايخاندىن بولاتتى. ئوقۇغۇچى بالىلارغا بىر خىل ئاق كۆڭلەك، چۆرىسىگە ئاق زىغزىق تۇتۇلغان كۆك شىم كىيگۈزۈلەتتى. ئوقۇغۇچىلار كوچىغا چىققاندا كىشىلەر بىر قاراپلا «ئەنە ئايخاننىڭ بالىلىرى» دەپ سۆيۈنۈپ سۆزلىشىپ كېتىشەتتى. شۇ چاغدا

«ئانا دەرياسى گىرزىنى» سەھنىلىرىدە ئايخان ۋە ئايخان مەكتىپى تۇغرىسىدا تۇرغۇن شېئىرى ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. شائىر ئەمىرقان خەجەنداش بىر شېئىرىدا مۇنداق مىسرالار يېزىلغان:

كۆزلىرى نەپسانىيەتنى كۆزىدىن جۇدا قىلغان خېنىم.
مەكتىپى خەيرىيەت قۇرۇپ جان پىدا قىلغان خېنىم.

يەنە شائىر يەرمەتنى «ئۇيغۇر قىزى» سەرلەۋھىلىك شېئىرىدا مۇنداق يازغان:

ئوقۇ ياشلىق يارىدە ئاتا - سەھەر ئۇيغۇر قىزى،
ئۇرقۇمالى دادا قىلىتتىن قىل مەزەر ئۇيغۇر قىزى.

ئۆلمەك تاڭ [illegible] ئاتىدىن كاتتا تەجرى يولىدا،
[illegible] ئۇيغۇر قىزى.

مەرھۇم [illegible] ئايخان ئانا تەسىس قىلغان «خەيرىيەت مەكتىپى» ھازىرغىچە 50 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. بۇ مەكتەپ نەچچە مىڭلىغان تۇنۇل قىز ئەۋلادلارنى يېتىشتۇردى. مەرھۇم ئايخان ئانا ئىسسىيداس ھازىرىيەت تۇرمىسىگە چۇشۇپ ئېغىر ئازاب ئىچىدە كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۇمەنلىگەن ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.

### 3. زەينەپ خانىم

زەينەپ خانىم 1921 - يىلدىن تاكى 1976 - يىلى دەم [illegible] چىقتانغا قەدەر ئىلمى ماقارىپ سېپىدە يېرىم ئەسىردىن [illegible] ( [illegible] يىل ) قان - تەر ئاققۇزدى. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن [illegible] غۇلجا شەھىرىدىكى « [illegible] »، «سايرامىيە» ، «خەيرى-

يە» ، «تائالىيە» ، «مۇراد دەكتىپى» قاتارلىق مەكتەپلەردە ئىشلەپ، ئونمىڭلىغان ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ئۇنىڭ بۇ ئۆچمەس تۆھپىسى ئۈچۈن خەلق ئۇنى « زەينەپ ئا-نا» دەپ ئاتىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى ۋە ئازادلىقتىن كېيىن خەلق ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «قەھرىمان» ئوردېنى ۋە نۇر-غۇن تەقدىرنامىلەرنى بېرىپ، بۇ ئالىيجاناب مۇ-ئەللىمەنى مەقلىق رەۋىشتە مەدھىيىلىدى ۋە مۇكاپاتلى-دى. « ئىلى گېزىتى » دە 1935 - يىلى بىر يىل ئىچىدە ئۇنىڭ نەمۇنىلىك ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرىنى تونۇشتۇرغان رەپىق ئاۋۇت قاتارلىق ئاپتورلارنىڭ بىر قانچە ماقالىلىرى بې-سىلىپ چىققانىدى. كېيىن «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى» تەرىپىدىن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغان «ساداقەت» نامىلىق ئوردې-نى ئۇنىڭ باغۋەنلىك ئەج-رىنى ئەمەلىي خۇلاسىلىگەنىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ تېخى-مۇ جۇشقۇن روھىي جارى قىلىپ ئەلىم - تەربىيە ساھەسىدە كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ۋە مەملىكەتلىك ئىلغارلار قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ دې-داللار بىلەن مۇكاپاتلاندى.



زەينەپ خانىم

(فوتو سۈرىتىگە ئاساسەن سىزىلغان)

## 3. رەشىدە خانىم

رەشىدە خانىم 1912 - يىل 7 - ئايدا غۇلجىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ بوۋىسى سادىق غوجا مەرىپەتپەرۋەر ھەم تارىخ پەنلىرىدىن كۆپ خەۋەردار كىشى ئىدى. رەشىدە خانىم ئەنە شۇ بوۋىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسكەن.

غۇلجىدىكى تاتار مەرىپەتپەرۋەر دېموكرات زىيالىيلار تەرىپىدىن تەسىس قىلىنغان (1910 - يىلى) مەشھۇر تاتار مەكتىپى رەشىدە خانىمنىڭ ئوقۇپ يېتىلگەن مەكتىپى بولدى. ئۇ بۇ مەكتەپتە 1919 - يىلدىن 1928 - يىلغىچە ئوقۇپ، ئوتتۇرا مەلۇماتقا ئېرىشتى. رەشىدە خانىم بۇ مەكتەپنى ئەلا پۈتتۈرگىنى ئۈچۈن 1928 - يىلدىن باشلاپ شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىدە مۇئەللىم بولۇشقا باشلىدى. ئۈچ يىلدىن كېيىن (1931 - يىلى) سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا بېرىپ، تاشكەنت پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ فىزىكا - ماتېماتىكا فاكۇلتېتىغا كىرىپ ئوقۇدى. 1933 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، يەنە شۇ ئانا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1935 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 1939 - يىل كۈز پەسلىگىچە ياڭخاڭ قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى ۋە قوشۇمچە قىزلار 1 - گىمنازىيىسى ( خەنزۇ مەكتىپى ) گە ئۇيغۇرچە دەرس ئۆتتى. 1939 - يىلى ئىلىغا قايتىپ بېرىپ تاكى 1943 - يىلغىچە غۇلجا شەھەر ئىچىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى. 1943 - يىلدىن 1946 - يىلغىچە نىلقا قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولدى. بىتىم بولغان مەزگىلدە ( 1946 - يىلى ) ئۈرۈمچىگە كېلىپ، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش پائالىيىتىگە قىزغىن قاتنىشىپ، مىللىي قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى (دارىلمۇئەللىمىن سىنىپلىرىمۇ بار) نى قۇرۇپ چىقتى. رەشىدە خانىم بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولغانىنىڭ سىرتىدا، يۇقىرى سىنىپلىرىغا ئالگېبرا ۋە فىزىكىدىن دەرس ئۆتتى.

1951 - يىلى يۆتكىلىپ شىنجاڭ ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ 1-ئورۇنباسار مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىنمۇ، بۇ بىرلەشمىنىڭ خوتۇن-قىزلار ۋە بالىلار مائارىپىنى باشقۇرىدىغان پاراۋانلىق بۆلۈمىگە مەسئۇل بولدى. 1955-يىلى ئۇخىزمەت ئېھتىياجى بىلەن مەركەزگە يۆتكىلىپ، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ بالىلار مائارىپىغا مەخورلۇق قىلىش بۆلۈمىنىڭ مائاۋىن مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ، 1947 - يىلى ئۈرۈمچى غالىبىيەت يولىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تۇنجى بالىلار باغچىسىنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى ۋە شۇ باغچىنىڭ تۇنجى مەسئۇللىرىدىن بىرى ئىدى. رەشىدە خانىم بالىلار مائارىپىغا چىن قەلبىدىن كۆڭۈل بۆلۈپ، 1982 - يىلى ئۈرۈمچىدە بالىلار سارىيى قۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆز مائاشىدىن توپلىغان پۇلدىن بالىلار مائارىپى ئۈچۈن 5000 يۈەن ياردەم قىلدى.




رەشىدە خانىم

# 4. خەمىت ۋەكىلى

خەمىت ۋەكىلى ئىلى ۋە جۇڭغار ۋىلايەتلىرىدە 50 يىل مائارىپ خىزمىتى ئىشلىدى. ئۇ 1913 - يىلىدىن باشلاپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلىدى. تالانتلىق ۋە ئىجتىھاتلىق بۇ مەرىپەتچى ئۇيغۇرچە، تاتارچە، قازاقچە، ئەرەبچە، پارسچە، تۈركچە ۋە رۇسچە تىللارنى پىششىق بىلەتتى ۋە شۇ تىللاردىكى دەرسلىك ماتېرىياللاردىن تولۇق پايدىلىنالايتتى.


خەمىت ۋەكىلى 1934 - يىلىدىن باشلاپ غۇلجىدىكى مەشھۇر « نەۋ بەھار مەكتىپى » گە رەھبەرلىك قىلىپ، پۈتۈن ئىلى ئارىسىدا نەمۇنە يارىتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈلگىسى بويىچە شۇ يىللاردىكى «دانائىيە»، «كەشپىيە»، «سايرامىيە»، «ھۆسەينىيە»، « روشەن »، « گۈلشەن » قاتارلىق مەكتەپلەر قايتا رەتكە سېلىنىپ، تېز راۋاجلاندى.



خەمىت ۋەكىلى

خەمىت ۋەكىلى تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تارىخ، جۇغراپىيە دەرسلىرىنى پىششىق بىلىش بىلەنلا قالماستىن، يەنە فىزىكا، خىمىيە، ئاناتومىيە، بىئولوگىيە پەنلىرىنىمۇ پىششىق ئىگىلىگەن. شۇ چاغدا دەرسلىك ماتېرىياللار كەم بولغاچقا، ئالگېبرا ۋە گېئومېتىرىيە قاتارلىق پەنلەردىن ئۆزى دەرسلىك تۈزۈپ چىققان.

خەمىت ۋەكىلى 1947 - يىلىدىن باشلاپ « غۇلجا بىلىم



لىن جىلۇ

(بۇ رەسىمنى [illegible] [illegible] باشقۇرۇش ئورنى
تەمىنلىگەن)

يۇرتى» دا ئوقۇتقۇچىلىق قىلدى ۋە فىزىكا، خىمىيە، تىرىگونومېترىيە... پەنلىرى ئۈچۈن 1000 بەتتىن ئارتۇق دەرسلىك تەييارلىدى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ئالىي ئالگېبرا ۋە ئانالىتىك گېئومېترىيە قاتارلىق دەرسلەر ئۈچۈن 800 بەتتىن ئارتۇق ئوقۇتۇش قوللانمىسى ئىشلەپ چىقتى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم نەمۇنىلىك مائارىپچى دېگەن شەرەپكە ئىگە بولدى.

مىللىي بىرلىك سەپ دەۋرىدە مىللىي مائارىپنىڭ ئەڭ ئاساسىي رولچىسى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ۋە ئىنقىلابىي قۇربان لىن جىلۇ (1916 — 1943) ئىدى.


لىن جىلۇ 1938 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭ دارىلغۇنۇنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىقىنى ئۈستىگە ئالغان، «ئۆگىنىش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت تەلىم - تەربىيە فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە «ئىتتىپاق بولۇش، جىددىي بولۇش، ئاددىي - ساددا بولۇش، روھلۇق بولۇش» تىن ئىبارەت مەكتەپ نىزامنامىسىنى يۈرگۈزگەن. ئۇ كۆتۈرەڭگۈ - روھلۇق مەزمۇندىكى «دارىلغۇنۇن مەكتەپ ناخشىسى» نى تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە شىنجاڭ دارىلغۇنۇنى جۇشقۇن كەيپىياتلىق بىلىم يۇرتىغا ئايلانغان.

لىن جىلۇ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىگە مەسئۇل بولغان ۋە ئۈچتۇرپان، كۇچا ناھىيىلىرىگە ھاكىم بولغان چاغلىرىدىمۇ مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا چوڭ ئىشلارنى قىلدى.

«مىللىي بىرلىك سەپ دەۋرى» دىكى گۈللەنگەن مائارىپ قوينىدا يېتىشىپ چىققان تالانتلىق ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدىن ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ (1920 — 1949)، لۇتپۇللا مۇتەللىپ (1922 — 1945)، ئابدۇللا روزى (1919 — 1945) قاتارلىق نۇرغۇن ئىنقىلابىي مەرىپەتپەرۋەر زىيالىيلارنىڭ يېتىلىشىدە لىن جىلۇنىڭ ئىنقىلابىي مائارىپ تەربىيىسىنىڭ بىۋاسىتە كۈچلۈك تەسىرى بولدى.

ئاتاقلىق مائارىپچى ۋە ئىنقىلابچى قۇربان ئابدۇللا روزى شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر مائارىپچىلىق كۆزگە كۆرۈنگەن ناماياندىلىرىدىن بىرى.

ئابدۇللا روزى 1919 - يىلى ئۇچتۇرپاندا كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. بوۋىسى ئاتۇش مەشھەتلىك ئىدى. ئۇ 1935 - يىل باھاردا ئۇچتۇرپاندىكى تۇنجى دارىلمۇئەللىمىن (ئۇچاغدا بۇ مەكتەپ ئىككى سىنىپلىق قىسقا مۇددەتلىك ئىدى) نى ئەلا تۈگىتىپ، «ئەلىيۇلئەلا» (ھەممىدە بىرىنچى) بولۇپ مۇكاپاتلانغان. ئەينى زاماندا ئۇنى ئوقۇتقان بىر مۇئەل-



ئابدۇللا روزى

لىمىنىڭ ئەسلىمىسىچە، شۇچاغدا «ئۇنىڭدەك زېرەك، پاراسەتلىك ئوسمۈرنى كۆرۈپ باقمىغان» ئىكەن. ئابدۇللا روزى ئۇچتۇرپان دارىلمۇئەللىمىننى تۈگىتىپ، يېزىلاردا مۇئەللىملىك قىلدى. دەل شۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ئوقتۇرۇشى كەلگەنىدى. ئۇچتۇرپاندىن ئىمتىھاندا ئەلا ئۆتكەنلەر ئابدۇللا روزى، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ بولدى. ئاقسۇ كونىشەھەردىن ياخشى نەتىجە بىلەن ئۆتكەنلەر مەۋلانجان تۇردى، ھاشىمجان ئاخۇنجان، ئەخمەت ھەسەنوۋ قاتارلىقلار ئىدى. بىراق كېيىنكىلەر ئۈرۈمچىگە دەل ۋاقتىدا يېتىپ بارغان بولسىمۇ، ئالدىنقى ئىككىيلەن ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ بارالماي، ئۈرۈمچىدە قېلىپ



AltunOq

ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى.

1936 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئابدۇللا روزى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇدى. ئۇ ھەم تەبىئىي پەندە، ھەم ئىجتىمائىي پەندە تېزلا ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. يەنە كېلىپ ئۇ پەلسەپە (ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراش) ساھەسىدە ئەڭ ئۇستا ناتىق ئىدى. ئۇ ھەممە جەھەتتە ياخشى بولغاچقا، پۈتۈن ساۋاقداشلىرى ئۇنى ھۆرمەتلەپ «داھىي ئوقۇغۇچى» (ئوقۇغۇچىلار داھىيسى) دەپ ئاتىشاتتى. شۇ چاغدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ئۇنىڭ قىسقا ماقالىلىرى بېسىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ پۇچۇركىسى خۇددى ئۆزىنىڭ كېلىشكەن قامىتىدەك چىرايلىق ئىدى. ئابدۇللا روزى بىر ماقالىسىدە تۇنجى قېتىم «ئارزۇ» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغىنىدىن كېيىن، ساۋاقداشلىرى ئىچىدە بۇ تەخەللۇس كەڭ تارقىلىپ كەتتى. ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىننىڭ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلىرى ئۇيۇشتۇرغان بىر ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئىسمىمۇ كېيىنچە بېرىپ مۇشۇ تەخەللۇس بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەكتەپ «تەرتىپ بۆلۈمى»نىڭ يوشۇرۇن چارلاپ بېكىتىشى ئارقىسىدا بۇ ئىجادىيەت گۇرۇپپىسى «ئەكسىيەتچىل» دەپ قارىلاندى. ئىجادىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەسىس قىلغۇچىسى بولغان ئابدۇللا روزى سىياسىي تۆھمەت بىلەن ماناسقا پالىۋېتىلدى.

ئابدۇللا روزى ماناسقا پالىنىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ياشپاناھلىق قىلىشىغا ئېرىشتى. 1938- يىل كۈز مەۋسۇمىدىن باشلاپ ئابدۇللا روزى ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مائارىپ مۇپەتتىشى، قوشۇمچە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ باش كاتىپى بولۇپ ئىشلىدى. ئابدۇللا روزى ئۆزىگە يۈكلەنگەن قوش خىزمەت ئىمتىيازىدىن جىددىي پايدىلىنىپ، بۇ ناھىيىنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ئارىلاپ بېرىپ مەكتەپ

تورلىرىنى قۇرۇپ چىقتى. چوڭلار مائارىپىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى ئەۋج ئالدۇردى. غەپلەتكە، نادانلىققا ۋە جاھالەتكە قارشى مەزمۇندا «تۆمۈر ئاكا ئويغاندى» ناملىق دىرامىنى يېزىپ چىقىپ، سەھنىلەشتۈرگەندىن كېيىن، بۇ دىراما پۈتۈن ناھىيىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. ئارىدىن توپ-توغرا يېرىم ئەسىر ئۆتۈپ كەتكەن مۇشۇ كۈنلەردىمۇ ئۆرۈمچى، داناس، قۇتۇبى، ئالاۋۇسۇن قاتارلىق جايلاردا كىشىلەر ئابدۇللا روزى ۋە ئۇنىڭ پېداگوگىكىلىق دىراممىسى — «تۆمۈر ئاكا ئويغاندى» نى ئېغىزىدىن چۈشۈرۈشمەيدۇ.

ئابدۇللا روزى 1940-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قايتىپ كەلدى. ئۇ ئاقسۇغا كېلىپلا ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باش مائارىپ ئىنسپېكتورى (مەكتەپ مۇپەتتىشى) جۈملىدىن ئۇيغۇر ئويۇشمىسى قارمىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭمۇ مۇپەتتىشى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، پۈتۈن ناھىيىلەردىكى مەكتەپلەرنى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ چىقىپ، 1941-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 1942-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاقسۇ گېزىتىدە «تەلىم-تەربىيە ئوچېركلىرى» سەرلەۋھىلىك ئۇزۇن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالە ئەتراپلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن يېرىم ئايغىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي بېسىلغان ۋە پۈتۈن ۋىلايەت ھەتتا چەت ۋىلايەتلەردىمۇ چوڭ تەسىر قوزغىغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئابدۇللا روزى ئىنسپېكتورلۇق ھوقۇقىدىن توغرا پايدىلىنىپ يېرىم يىل ئىچىدە مەكتەپ تەشكىلىنى رەتكە سېلىپ چىقتى. ئۇ چاغلاردا ئىنسپېكتورلاردا شۇنداق ئىمتىياز بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يازلىق ۋە قىشلىق تەتىللىك بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسلىرىنى تەشكىللىدى ۋە بۇ كۇرسلاردا ماتېماتىكا ھەم تىل-ئەدەبىيات دەرسلىرىنى ئۆتتى. ئۇ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى ئارقىسىدا پۈتۈن ۋىلايەت بويىچە تېز شۆھرەت قازاندى.

ئوقۇتقۇچىلار مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 1943 - يىل 9 - ئايدا رەسمىي ئۈچ سىنىپ، بىر بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدىن تەشكىل تاپقان ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى دولان دەرياسى بويىدىكى يېڭى بىنادا تەنتەنە بىلەن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈل- دى. ئۇنىڭ تۇنجى ئىلمىي مۇدىرى ئابدۇللا روزى ئىدى.

شۇ يىلىنىڭ كەچ كۈزىدە ئوت يۈرەك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئاقسۇغا كېلىشى بىلەن بۇ يەردە كۈچلۈك دولقۇن پەيدا قىلدى. ئابدۇللا روزى ۋە لۇتپۇللا مۇتەللىپكە ئوخشاش جەڭگىۋار زىيالىيلارنىڭ جاھالەتكە قارشى كۆرەشلىرى ۋە ئىجا- دىيەتتىكى ھەمكارلىقى ئارقىسىدا پۈتۈن ئۆلكە خاراكتېرلىك چوڭ ئىشلار مۇشۇ ئاقسۇدا مەيدانغا كەلدى. قىسقىغىنا ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدە ئاقسۇدا چوڭ ھەجىملىك ئوپېرا - دراممىلاردىن ئون نەچچىسى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، ئاقسۇ شىنجاڭ بويىچە «دراما - ئوپېرا شەھىرى» گە ئايلاندى. بۇ جەھەتتىن ئاشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە، ئۇنىڭغا نە قەشقەر، نە ئۈرۈمچى يېتىشەلمەيتتى. مۇشۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ ھاسىل بولۇشىدا مەرھۇم ئابدۇللا روزى يېتەكچىلىكىدىكى ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىن چوڭ ھەسسە قوشقان. بۇ مەكتەپ چوڭ تىپتىكى «غېرىب - سەنەم ئوپېراسى» نى تەي- يارلىغانىنىڭ سىرتىدا، ئابدۇللا روزى يازغان مەشھۇر «ئۆگەي ئانا» دراممىسىنى سەھنىلەشتۈرۈپ پۈتۈن ۋىلايەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن.

شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ل. مۇتەللىپ بىلەن ئابدۇللا روزىنىڭ غايىسى دراما - سەنئەت دولقۇنى ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىش ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئىلىم - مەرىپەتنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويمايتتى. بۇ جەھەتتە مۇنداق بىر جان- لىق مىسالنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە. بىر كۈنى بىر توپ ئوقۇغۇچىلار لۇتپۇللا مۇتەللىپنى دارىلمۇئەللىمىننىڭ يېڭى بىنا مەيدانىدا ئارىغا ئېلىۋېلىپ، شائىرنىڭ رەسساملىق ماھارىتىنى

سىناپ كۆرمەكچى بولۇشىدۇ. لۇتپۇللا دەرھال ماقۇل بولىدۇ-دە، ھېلىقى ئوقۇغۇچىلارنى ئەگەشتۈرۈپ سىنىپقا كىرىدۇ ۋە قولىغا بور ئېلىپ، قارا دوسكىغا رەسىم سىزىشقا باشلايدۇ: ئوڭ تەرەپكە كىتاپ كۆرۈۋاتقان ئىلاھىي قىزنى، سول تەرەپكە مېۋىلىرى قىزىرىپ پىشقان ئالما دەرىخىنى بەش مىنۇت روزىگادا سىزىپ چىقىدۇ. ئىلاھىي قىزنىڭ ئۇستى تەرىپىگە «مۇزېيۇس» دېگەن سۆزنى يېزىپ قويىدۇ-دە، سىنىپتىن ئالدىراش چىقىپ كېتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ھاڭ-تاڭ بولۇشۇپ، رەسىمدىن مەنە تاپالماي، ئابدۇللا روزىنىڭ شەرھلەپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئابدۇللا روزى بۇ تېپىشماقنى يېشىپ بېرىدۇ: ھېلىقى سۈرەتتىكى ئىلىم-پەننىڭ پىرى «مۇزېيۇس» نامىلىق ئىلاھىي قىز ئىكەن. ھازىرقى مۇزېي دېگەن ناممۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن. رەسىمدىكى مەنە: پەقەت كىتاب ئوقۇغاندا ۋە بىلىم ئالغاندىلا ئاندىن مېۋىگە ئېرىشەلەيدۇ، دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىكەن. بۇ جاۋابتىن بەھرىمەن بولغان ئوقۇغۇچىلار بۇ ئىككى ئۇستازنىڭ ئىقتىدارى ۋە مول بىلىمىگە ھەيران قېلىشقان.

ئابدۇللا روزى يەنە «ئارزۇ» تەخەللۇسى بىلەن ئاقسۇ گېزىتىدە نۇرغۇن جەڭگىۋار شېئىرلارنى ئېلان قىلدى. «ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى»، «كەلپىن ۋە دولان شەۋىلىرى» نامىلىق ئىلمىي ئەسەرنى يازدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ھەمكارلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» نامىلىق ئەسىرى دارىلمۇئەللىمىننىڭ ئەينى يىللاردىكى بىردىنبىر مۇھىم دەرسلىكى ئىدى. ئۇ، بۇ دەرسنى ئۆزى بېرەتتى. دەرسلىك ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن شېئىرىي ژانىرلار ئۆلچۈن كۆپىنچە ل. مۇتەللىپ ۋە بىلال ئەزىزىنىڭ ئىنقىلابىي مەزمۇن بىلەن يۇغۇرۇلغان شېئىرلىرى مىسال قىلىپ كىرگۈزۈلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «شائىر توغرىسىدا مۇۋەششەھ» نامىلىق شېئىرىمۇ بار ئىدى. بۇ شېئىرنىڭ ھەر بىر

كۆ پلېتىنىڭ باش مىسراسىدىكى بىرىنچى ھەرپىنى تېرىۋېلىپ
قوشقاندا «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» دېگەن ئىنقىلابىي شوئار چىقات-
تى. ئۇنىڭ ئۆزى يازغان بىر مۇۋەششەھ شېئىرىدىن «كۈچ
ئۇلاش» دېگەن ياڭراق يەكۈن چىقاتتى. «ياشاش ئۈچۈن كۈ-
رەش»، «كۈچ ئۇلاش» — ماركسىزم پرىنسىپىمۇ، دارۋىنىزم
پرىنسىپىمۇ ئۇيغۇن كېلەتتى. ئابدۇللا روزى مۇشۇ ئۇلۇغۋار
غايىنى ياش ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ ئۆزى
دەل مۇشۇ جەڭگىۋار غايىنىڭ تۈرتكىسىدە يېقىن دوستى ۋە
سەپدىشى لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىكتە «ئۇچقۇنلار ئىتتى-
پاقى» ناملىق ئىنقىلابىي تەشكىلاتنى ئۇيۇشتۇرغانىدى. ئۇ-
لار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ماسلىشىپ قوراللىق قوزغىلاڭ كۆ-
تۈرۈش يولىدا مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، ئەك-
سىيەتچى ھۆكۈمەت دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ،
1945 - يىلى تېرروورلۇق بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى. ئابدۇللا
روزى شۇ چاغدا 26 ياشتا ئىدى...

1942 - يىلدىن كېيىن سىياسىي ۋەزىيەت كەسكىن ئۆزگىرىپ،
مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار ئارقا - ئار-
قىدىن تۇتقۇن قىلىندى ۋە تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلدى.

شۇنداق قىلىپ، «مىللىي بىرلىك سەپ دەۋرى»دە بىر
مەھەل گۈللەنگەن مائارىپ خاراب بولۇپ كەتتى، مەكتەپلەر
تاقالدى، ئوقۇتقۇچىلار ئىششىز قالدى، نادانلىق ۋە جاھالەت
قايتىدىن باش كۆتۈردى.

ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي رايونىدا مىل-
لىي مائارىپ گۈللەپ ياشنىدى. مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
ئورنى كۈنسايىن ئۆستى. ئوقۇتقۇچىلىق ئەڭ شەرەپلىك خىزمەت
دەپ تونۇلدى ۋە ھۆرمەت قىلىندى. مەرھۇم ئەخمەتجان قاسىمى
مۇنداق دېگەنىدى:

«سىنىپتا قالاق ئوقۇغۇچى قالمىسۇن دەپ يۈرەك قېنىنى

سەرپ قىلىپ تىرىشىۋاتقان ئوقۇتقۇچى مىھنەتىنىڭ قانچىلىك قىيىن ۋە جاپالىق ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلمەن. كىشىلىك جەمئىيەتتە مۇئەللىمنىڭ مىھنەتىدىن پەخىرلىكىرەك مىھنەت يوقتۇر، چۈنكى، ئالىم-مۇتەخەسسىس، يازغۇچى، قوماندان، جەمئىيەت، دۆلەت ئەربابى ۋە باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇتقۇچى مىھنەتىنىڭ مەھسۇلاتىدۇر.»

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئىلىدا ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ سانى 295 كە، سىنىپ سانى 980 گە، ئوقۇتقۇچىلار سانى 1051 گە، ئوقۇغۇچىلارسانى 28 مىڭ 345 كە يەتكەن بولسا، 1949-يىل 9-ئايدا مەكتەپلەرنىڭ سانى 342 كە، سىنىپ سانى 1321 گە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سانى 1413 كە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 39 مىڭ 269 غا يېتىپ بارغانىدى. 1950-يىلى جەدۋەللەشتۈرۈلگەن سانلىق مەلۇماتتا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە باشلانغۇچ مەكتەپلەردە 1134 سىنىپ، 39 مىڭ 734 ئوقۇغۇچى، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەردە 180 سىنىپ، 4938 ئوقۇغۇچى؛ ئەخمەتجان قاسىمى نامىدىكى بىلىم يۇرتى، تىببىي مەكتەپ، ھۈنەر-كەسىپ مەكتىپى ۋە رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇيدىغان 2096 ئوقۇغۇچى قوشۇلۇپ، جەمئىي 46 مىڭ 768 كىشىلىك ئوقۇغۇچىلار قوشۇنى بولغانىدى. شۇ چاغدا غۇلجا شەھەر ئىچىدىكى ئاتاقلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بىرى بولغان «مۇراد مەكتىپى» 27 سىنىپقا كۆپەيگەنىدى.

ئۈچ ۋىلايەت مائارىپىدا قىسقىلا بىر ۋاقىت ئىچىدە ئوتتۇرا مەلۇماتلىق تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتقۇچىلىرى، دوختۇر، ۋراچلار، رادىست، پوچتالىيونلار يېتىشىپ چىقتى، ئۇلار تاكى كېيىنكى كۈنلەرگىچە ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يادرو كۈچلىرىدىن بولۇپ مۇھىم رول ئوينىدى.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قىزغىن قاتناشچىسى — مەرىپەتپەرۋەر شائىر نىمشېھىتنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» سەرلەۋھىلىك تۆۋەندىكى شېئىرى ئەينى زاماندا ئىنتايىن كۈچلۈك تەسىر قوزغى-

غان مەرىپەت خەتابى ئىدى؛

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك ھېچ گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار، بولۇر ئۇ گاھىدا بار ـ يوق.

قارا قاشلىق تولۇن ئايلار ساڭا بىر نەچچە كۈن يولداش،
ئەگەر سەن پۇلدىن ئايرىلساڭ، سېنى تاشلايدۇ ھېچ ئاريوق.

كىرىپ نەپسىڭنىڭ كەينىگە، بىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ،
بېشىڭغا چۈشسە بىر كۈنلەر، ئۇ چاغدا سەن كەبى خار يوق.

بىلىمگە ئاشنا بولساڭ، ئوقۇش ئىشقىدا بۇلبۇل بول،
ئۆگەنمەككە مائارىپ باغچىسىدەك ئەسلى گۈلزار يوق.

ئۆزەڭنى نىمشېھىت ئۇشبۇ پىكىرگە ئەيلىگىن قۇربان،
بىلىمدىن يۈز ئۆرىگەنلەر كەبى قاتتىق گۇناھكار يوق...

## XI باب سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق

بىز يۇقىرىدا 1949 ـ يىلغىچە بولغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخى ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. ئازادلىقتىن كېيىنكى مائارىپ تەرەققىياتى توغرىسىدا باشقا بىر كىتابىمىزدا تونۇشتۇرماقچىمىز.

مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتى ۋە مائارىپ تارىخشۇناسلىقىدا ئەڭ مۇھىم ئىلمىي ئۇسۇل سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق مېتودى ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر مائارىپچى بۇ ھەقتە زۆرۈر ساۋاتقا ئىگە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق ئىلمى بىزگە مائارىپ تەرەققىياتىدىكى سان بىلەن سۈپەت ئوتتۇرىسىدىكى، جايلار بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى، دەۋرلەر ئوتتۇرىسىدىكى،

ئېلىمىز مائارىپى بىلەن باشقا ئەللەر مائارىپى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنى يورۇتۇپ بېرىدۇ.

مەشھۇر سېلىشتۇرما مائارىپشۇناس بېرىداي: «باشقىلارنى چۈشىنىش ئارقىلىق ئاندىن ئۆزىنى چۈشىنىشۋالغىلى بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق ئىلمى بەكمۇ قىممەتلىك» دېگەنىدى. يەنە بىر سېلىشتۇرما مائارىپشۇناس كاندېل: «سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق مائارىپ تارىخىنى ئۈزۈلدۈرمەسلىكنى مەقسەت قىلىدۇ...»دەيدۇ.

سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق ئىلمى قەدىمكى يۇناندىن باشلانغان. قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر تارىخچىسى سېنوپون (senopon) ئۆزىنىڭ «پادىشاھ سىروسنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىدە: پېرسىيە ياشلىرىنىڭ تەربىيە ئەھۋالى، ئۇ يەردىكى مائارىپ خىزمەتلىرى، پېرسىيە بىلەن يۇنان مائارىپى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، ئىككى خىل مائارىپنىڭ مەقسىتى، تەشكىلىي تۈزۈملىرى... قاتارلىق ئەھۋاللارنى سېلىشتۇرما مېتودى بويىچە تەپسىلىي بايان قىلغان.

قەدىمكى رىمنىڭ ئاتاقلىق سىياسەتچىسى سىسېرون (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 100 — 43 - يىللار) ئۆزىنىڭ «جۇمھۇرىيەت تۈزۈلمىسى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە قەدىمكى يۇنان مائارىپى بىلەن رىم مائارىپىنى سېلىشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن. ئوتتۇرا ئەسىردە تۈنىسلىق ئالىم كاردۇن شەرق مۇسۇلمان مائارىپى بىلەن غەرب مائارىپىنى سېلىشتۇرغان.

لېكىن، سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىقنى بىرىنچى قېتىم سىستېمىلىق پەن قاتارىغا كۆتۈرگەن فرانسىيىلىك مەشھۇر پېداگوگ ئانتونى جۇللىيان (Antoni Jullien 1775 — 1848) بولدى. ئۇ 1817 - يىلى «سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەرنىڭ تەسىرىدە ھەرقايىسى ئەللەر مائارىپچىلىرى ئۆزئارا نازارەت قىلىش، ئۆز ئېلى-

نىڭ مائارىپ سەۋىيىسىنى باشقا ئەللەرنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىگە سېلىشتۇرۇش دولقۇنىنى ئەۋج ئالدۇرۇۋەتتى.

1831 - يىلى يەنە بىر فرانسۇز پېداگوگى ۋىكتۇر ( 1792 — 1867 - يىللار ) « پروسسىيە مائارىپى » ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ كىتاب نۇرغۇن ئەللەرنىڭ مائارىپچىلىرى ئىچىدە تېخىمۇ زور تەسىر قوزغىدى.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق ئىككىنچى باسقۇچتا كۆتۈرۈلدى. مەشھۇر ئىنگلىز پېداگوگى سادلىر ( Michael Sadler 1861 — 1943) « مائارىپ مەسىلىلىرى » ناملىق 28 توملۇق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ ئەسەردە ئۇ ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ مائارىپ ئەھۋالىنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇپ بايان قىلدى.

1898 - يىلدىن باشلاپ سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ رەسمىي دەرسلىكىگە كىرگۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ئەللەردە مەخسۇس سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق تەتقىقات ئورگانلىرى تەسىس قىلىنىشقا باشلىدى. مەخسۇس مەجمۇئەلەر چىقىرىلىدىغان بولدى.

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تەرىپىدىن « دۇنيانىڭ مائارىپ ئەھۋالى » دېگەن نامدا كۆپ توملۇق كىتاب نەشر قىلىندى.

سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مېتودى تۆۋەندىكى ئۈچ كاتېگورىيىگە بۆلۈنىدۇ:

1 . ۋېرتىكال ( مېردىئان ) سېلىشتۇرۇش مېتودى: بۇ مېتود بويىچە بىر دۆلەت ياكى بىر رايوننىڭ دەۋرىي باسقۇچلىرى بويىچە سېلىشتۇرۇپ بايان قىلىش ئۇسۇلى يۈرگۈزۈلىدۇ.

2 . گورىزونتال ( پاراللېل ) سېلىشتۇرۇش مېتودى : بۇ مېتود بويىچە رايونلار بىلەن رايونلار، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر سېلىشتۇرۇلىدۇ. مەسىلەن، 1982 - يىللاردىكى سانلىق مەلۇ-

مات بويىچە ئالغاندا، خوتەن ۋىلايىتىدە ھەر 10 مىڭ كىشىگە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 40، قەشقەردە 54، ئالتايدا 170، قۇمۇلدا 203، ئاقسۇدا 73، قىزىلسۇدا 75، تۇرپاندا 99 ۋە ئۈرۈمچىدە 224 دىن توغرا كېلىدۇ.

يەنە 1980 - يىلى شىنجاڭدا ھەر 10 مىڭ كىشىگە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 10، قازاقىستاندا 157، ئۆزبېكىستاندا 174، ئاۋستىرالىيىدە 230 دىن توغرا كېلىدۇ. شۇ يىللاردا ئا ق ش دا ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ھەر 10 مىڭ كىشىگە 269، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 196، دېموكراتىك چاۋشيەندە 155، جۇڭگودا $10\frac{1}{2}$، تۈركىيىدە 68 دىن توغرا كېلىدۇ.

3. تەھلىل يۈرگۈزۈش مېتودى: بۇ مېتود بويىچە ئاخبارات - ماتېرىياللار توپلىنىدۇ. تەتقىقاتچى بىۋاسىتە كۆزىتىش ئېلىپ بارىدۇ. ئاخىرىدا توپلانغان پاكىت - ماتېرىياللار سېلىشتۇرۇلۇپ سىستېمىغا سېلىنىدۇ.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندىمۇ، مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتىدا سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق ئىنتايىن مۇھىم ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ھازىر ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا كەشپىياتلىرى ھەممە بىلىملەرنىڭ كونىراش ۋە يېڭىلىنىش جەريانى كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە تېزلەشمەكتە. ئالىملارنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، 16 - ئەسىردىكى تەبىئىي پەنلەر كەشپىياتى ئاران 26 خىل بولغان بولسا، 17 - ئەسىردە 106 خىلغا، 18 - ئەسىردە 156 خىلغا، 19 - ئەسىردە 546 خىلغا، 20 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 961 خىلغا يەتكەن. 60 - يىللاردىن كېيىن ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى يېڭىلىنىش ۋە كەشپىياتلار ئاجايىپ تېز كۆپىيىپ بارماقتا. پەننىڭ يېڭىلىنىش سۈرئىتى ھازىر ھەر 10 يىلدا بىر قاتلىنىۋاتىدۇ. تۈنۈگۈن بىلگەن نەرسە بۈگۈن كونىراپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا ھازىر نۇرغۇن ئەللەردە «ئۆمۈرۋايەتلىك مائارىپ» يۈرگۈزۈلمەكتە.


Altunoq

بىراق، سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات دائىرىسى ئاددىي سانلارنى كۆرسىتىپ قويۇش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئۇ، مائارىپنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، تەلىم - تەربىيە نىشانىسى، ئوقۇتۇش تۈزۈمى، مائارىپ ئىقتىسادىي، مائارىپ پسىخولوگىيىسى، مەكتەپ باشقۇرۇش ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قاتارلىق كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىقنىڭ ۋېرتىكال تەتقىقات مېتودى كۆپ ھاللاردا مائارىپ تارىخشۇناسلىقى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ، مائارىپ تەرەققىياتىنى تارىخىي دەۋرلەر بويىچە قاراپ چىقىدۇ. مەسىلەن: مىلادىدىن 3000 يىللار بۇرۇن ئىروگلىپ خېتى بىلەن يېزىلغان دۇنيانىڭ بىرىنچى توم قەھرىمانلىق داستانى «كەلكىمىش»① دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان دۇنيا مائارىپىدا بىرقانچە بۇرۇلۇش دەۋرى بولۇپ ئۆتتى: 1) مەكتەپ ۋە مۇئەللىمنىڭ كېلىپ چىقىشى، 2) كلاسسىك مائارىپ دەۋرى، 3) ئەدەبىي ئويغىنىش (ئىلىم - مەرىپەت يۈكسىلىش) دەۋرى، 4) سانائەت ئىنقىلابى تۈرتكىسىدە پەيدا بولغان يېقىنقى زامان مائارىپى دەۋرى، 5) ھازىرقى زامان ئېلېكترلەشكەن مائارىپ دەۋرى.

ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىمۇ ئالدىدىكى بابلاردا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەندەك، خاراكتېرلىك تارىخىي دەۋرلەرگە بۆلۈنىدۇ. مەسىلەن: 1) ئىپتىدائىي مائارىپ باسقۇچى؛ 2) مەكتەپ مائارىپى باسقۇچى؛ 3) كلاسسىك مائارىپ باسقۇچى؛ 4) يېڭى مەكتەپ مائارىپى باسقۇچى؛ 5) ھازىرقى زامان مائارىپى باسقۇچى.

ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپى ئۆزىگە خاس تۆۋەندىكى ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە: بىرىنچىدىن، ئۇ قويۇق دىنىي تۈس ئالغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛ ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇر كلاسسىك

---

① 1872 - يىلى بابىلۇننىڭ قەدىمكى «نىنەۋى ئوردىسى» دىن تېپىلغان 3000 مىسرالىق رېئالىزم بىلەن رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن مەشھۇر داستان.

مائارىپچىلىرى ۋە ئەدىبلىرى تۈرلۈك تىللارنى ماھارەت بىلەن ئىگىلىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ يازما يادىكارلىقىنىڭ كۆپ قىسمى ئەنە شۇ دىنىي ئەسەرلەر ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن. نېمىس ئالىمى ف. كاردىس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بارلىق تىل، ئىدېئولوگىيە، پەلسەپە، سەنئەت پائالىيەتلىرى كېيىنچە دىنىي مەقسەتلەر بار ئىدى. ئۇلار ۋەيران بولغان ئىبادەتخانىلاردا قەدىمكى زامان ھۆججەتلىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى. خرىستىئان كىتابلىرى، مانى دۇئالىرى ... بۇددا نوم — سۇترالىرى بۇنداق ھۆججەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى... » («جۇڭگودا مەتبەئەنىڭ كەشپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى.»)

مەسىلەن: بۇددىزم دەۋرىدىن قالغان نۇرغۇن يادىكارلىق ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاق، پەلسەپە ۋە بىلىم — سەنئەت كۆز قاراشلىرى ساقلىنىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەنلىكى ئۇيغۇر مائارىپ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور پايدىلىق.

ئۇيغۇر كلاسسىك مائارىپىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ئالاھىدىلىكىگە كەلسەك، ئوتتۇرا ئەسىردىكى كلاسسىك مائارىپ نامايەندىلىرى ۋە ئاتاقلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرى تالانتلىق تىل ماھىرلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەب، پارس تىللىرىدا يىرىك ئەسەر يازغان؛ يەنە بەزىلىرى سانسكرىت، خەنزۇ تىللىرىدا يىرىك ئەسەر يازغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تالانتى غەربنى ھەيران قالدۇرسا، بەزىلىرى شەرقنى ھەيران قالدۇرغانىدى. ئۇيغۇر مائارىپى ۋە ئۇيغۇر ئەۋلادلىرى ئەنە شۇ مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن پەخىرلىنەلەيدۇ ۋە مۇنۇ پەخىرلىنىش روھى بىلەن ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇيغۇر مائارىپى چوقۇم كەلگۈسىدە نۇرغۇن ئالىملارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇيغۇر خەلقىنى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا يېتەكلىشىگە ئىشەنچ باغلىيالايدۇ. شۇڭا مائارىپ ئىلمىي تەتقىقاتىدا سېلىشتۇرما مائارىپشۇناسلىق بىلەن بىللە مائارىپ كېلەچەكشۇناسلىقىنىمۇ قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشىمىز لازىم.

مائارىپ كېلەچەكشۇناسلىق (futurologiyə)نى 1943 -

يىلى تۇنجى قېتىم نېمىس پېداگوگىي پولىتېستېمىر ئوتتۇرىغا قويغان. 1960 - يىلى ئامېرىكىدا «خەلقئارا كېلەچەكشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» قۇرۇلدى. ھازىر بۇ جەمئىيەتنىڭ 80 دىن ئارتۇق مەملىكەتتە 40 مىڭدىن ئارتۇق ئەزاسى بار. مائارىپ كېلەچەكشۇناسلىقنى رەسمىي پەن سۈپىتىدە دەرسلىك ئىچىگە كىرگۈزگەن ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سانى بىر ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئۆزىدىلا 200 دىن ئاشتى.

لېنىن مۇنداق دېگەنىدى: «يېڭى جەمئىيەت قۇرغۇچىلار يالغۇز ئۆتمۈشنى بىلىش بىلەنلا قالماي، بەلكى يۈرەكلىك ھالدا كېلەچەكنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالىشى كېرەك.» («لېنىن ئەسەرلىرى» 21 - توم، خەنزۇچە نەشرى، 52 - بەت.)

ھازىرقى ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدىمۇ كېلەچەكشۇناسلىق تەتقىقاتىغا ئېغىر مەجبۇرىيەتلەر يۈكلەنمەكتە. كەڭ كائىنات ۋە چەكسىز شەيئىلەرنىڭ سىرى ئېچىلغانسېرى پەننىڭ تۈرلىرى، تەتقىقات ئوبيېكتلىرى نەچچە مىڭ خىلغا يەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلىم - پەن ئۆزئارا گىرەلىشىش (سىتېرېئولۇق) خاراكتېرىنى ئالماقتا. پەن تەرەققىياتى مائارىپنى ۋە ھەر بىر كىشىنى ئۈچكە (زامانىۋىلىشىشقا، دۇنياغا، كېلەچەككە) يۈزلىنىشكە تەقەززا قىلماقتا. ھەر بىر ياش ئەۋلاد ئۈچۈن ئىلىم - پەن تەرەققىياتى بىلەن قەدەمداش بولۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلماقتا. شۇڭا چەكلىك ئۆمۈر ئىچىدە ھەر بىر كىشى ئۈچۈن يالغۇز بۈگۈننى كۆزلەپ ئۆگىنىشى كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ ئەتىنى كۆزلەپ ئۆگىنىشى لازىم.

ئەمەلىيەتتە تەلىم - تەربىيە نىشانىسى ئەزەلدىنلا ئەتە ئۈچۈن ئادەم تەييارلاشتىن ئىبارەت بولۇپ كەلدى. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئالدى بىلەن ھەر بىر ئائىلە پەرزەنت ئۈچۈن تەبىئىي مەكتەپ، ئاتا - ئانىلار بولسا تەبىئىي «بىرىنچى» ئۇستاز بولۇشى كېرەك. مەكتەپ تەربىيىسى بولسا ئۇنىڭ داۋامى ۋە تولۇقلىمىسى بولىدۇ. مۇشۇ مەجبۇرىيەتنى ئائىلە بىلەن مەكتەپ تەڭ ئۈستىگە ئالغاندىلا، پەرزەنتلەرنىڭ بىلىمگە ئىنتىلىشى كۈچىيىدۇ، ئۇنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالى پارلاق بولىدۇ.

1 قوشۇمچە جەدۋەل

## «ھۆسەينىيە مەكتىپى» نىڭ 100 يىللىق تارىخىي يىلنامىسى

| تەرتىپ نومۇرى | يىللار | سىنىپ، ئوقۇغۇچى: سىنىپى | سىنىپ، ئوقۇغۇچى: ئوقۇغۇچى سانى | مەكتەپ مۇدىرى | مۇئەللىم سانى | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 885 - يىلى | 3 | 105 | كەرىم خەلپىتىم | 4 | |
| 2 | 1886 - يىلى | 〃 | 105 | 〃 | 〃 | |
| 3 | 1887 - يىلى | 〃 | 105 | 〃 | 〃 | |
| 4 | 1888 - يىلى | 5 | 165 | سەيناجىم | 7 | |
| 5 | 1889 - يىلى | 〃 | 165 | سەيناجىم | 〃 | |
| 6 | 1890 - يىلى | 〃 | 165 | ئابابەكرى ئەپەندىم | 〃 | |
| 7 | 1891 - يىلى | 〃 | 165 | 〃 | 〃 | |
| 8 | 1892 - يىلى | 〃 | 167 | 〃 | 〃 | |
| 9 | 1893 - يىلى | 〃 | 170 | 〃 | 〃 | |
| 10 | 1894 - يىلى | 〃 | 170 | 〃 | 〃 | |
| 11 | 1895 - يىلى | 〃 | 170 | 〃 | 〃 | |
| 12 | 1896 - يىلى | 〃 | 172 | 〃 | 〃 | |
| 13 | 1897 - يىلى | 〃 | 165 | سۇلتان ماھمۇت خەلپىتىم | 〃 | |
| 14 | 1898 - يىلى | 〃 | 165 | 〃 | 〃 | |
| 15 | 1899 - يىلى | 〃 | 160 | 〃 | 〃 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 16 | 1900 ـ يىلى | 5 | 160 | 〃 | 7 | |
| 17 | 1901 ـ يىلى | 〃 | 165 | ئىدرىس ھاجىم | 〃 | |
| 18 | 1902 ـ يىلى | 〃 | 170 | 〃 | 〃 | |
| 19 | 1903 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 20 | 1904 ـ يىلى | 〃 | 172 | 〃 | 〃 | |
| 21 | 1905 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 22 | 1906 ـ يىلى | 〃 | 177 | ئەھمەت كامال | 7 | |
| 23 | 1907 ـ يىلى | 6 | 216 | 〃 | 11 | |
| 24 | 1908 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 11 | |
| 25 | 1909 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 11 | |
| 26 | 1910 ـ يىلى | 5 | 165 | تۇرسۇن ئەپەندىم | 7 | |
| 27 | 1911 ـ يىلى | 8 | 310 | 〃 | 12 | |
| 28 | 1912 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 29 | 1913 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 30 | 1914 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 31 | 1915 ـ يىلى | 〃 | 312 | 〃 | 〃 | |
| 32 | 1916 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 33 | 1917 ـ يىلى | 〃 | 315 | 〃 | 〃 | |
| 34 | 1918 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |

Altunoq

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 35 | 1919 ـ يىلى | 8 | 315 | 〃 | 12 | |
| 36 | 1920 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 37 | 1921 ـ يىلى | 〃 | 318 | 〃 | 〃 | |
| 38 | 1922 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 39 | 1923 ـ يىلى | 〃 | 315 | 〃 | 〃 | |
| 40 | 1924 ـ يىلى | 〃 | 318 | 〃 | 〃 | |
| 41 | 1925 ـ يىلى | 〃 | 320 | 〃 | 〃 | |
| 42 | 1926 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 43 | 1927 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 44 | 1928 ـ يىلى | 〃 | 325 | 〃 | 〃 | |
| 45 | 1929 ـ يىلى | 10 | 372 | 〃 | 14 | |
| 46 | 1930 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 47 | 1931 ـ يىلى | 〃 | 375 | 〃 | 〃 | |
| 48 | 1932 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |
| 49 | 1933 ـ يىلى | 13 | 510 | ئەنۋەر ئەپەندم | 18 | |
| 50 | 1934 ـ يىلى | 〃 | 515 | 〃 | 〃 | |
| 51 | 1935 ـ يىلى | 〃 | 510 | 〃 | 〃 | |
| 52 | 1936 ـ يىلى | 〃 | 526 | 〃 | 〃 | |
| 53 | 1937 ـ يىلى | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | 37 $\frac{1}{2}$ | 〃 | 510 | 13 | 1938 - يىلى | 54 |
| | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | 1939 - يىلى | 55 |
| | 〃 | 〃 | 515 | 〃 | 1940 - يىلى | 56 |
| | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | 1941 - يىلى | 57 |
| | 〃 | 〃 | 520 | 〃 | 1942 - يىلى | 58 |
| | 〃 | ئابدۇرېھىم توختى | 〃 | 〃 | 1943 - يىلى | 59 |
| | 〃 | 〃 | 504 | 〃 | 1944 - يىلى | 60 |
| | 〃 | 〃 | 500 | 〃 | 1945 - يىلى | 61 |
| | 〃 | 〃 | 495 | 〃 | 1946 - يىلى | 62 |
| | 24 | 〃 | 490 | 〃 | 1947 - يىلى | 63 |
| | 〃 | ئابلىز شاقاسىم | 472 | 〃 | 1948 - يىلى | 64 |
| | 22 | ئابلىمىت ئىمىن هاجى | 470 | 13 | 1949 - يىلى | 65 |
| | 〃 | ئەنۋەر مەھەممەت | 510 | 〃 | 1950 - يىلى | 66 |
| | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | 1951 - يىلى | 67 |
| | 〃 | ئىمىنجان تۇرسۇن | 507 | 〃 | 1952 - يىلى | 68 |
| | 〃 | 〃 | 510 | 〃 | 1953 - يىلى | 69 |
| | 〃 | 〃 | 515 | 〃 | 1954 - يىلى | 70 |
| | 〃 | 〃 | 〃 | 〃 | 1955 - يىلى | 71 |
| | 19 | 〃 | 512 | 〃 | 1956 - يىلى | 72 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 73 | 1957 - يىلى | 13 | 512 | 〃 | 19 | |
| 74 | 1958 - يىلى | 〃 | 514 | 〃 | 〃 | |
| 75 | 1959 - يىلى | 〃 | 510 | ئوبۇلقاسىم | 19 | |
| 76 | 1960 - يىلى | 〃 | 508 | جېلىل نۇر | 〃 | |
| 77 | 1961 - يىلى | 〃 | 512 | 〃 | 〃 | |
| 78 | 1962 - يىلى | 〃 | 513 | 〃 | 〃 | |
| 79 | 1963 - يىلى | 12 | 491 | 〃 | 14 | |
| 80 | 1964 - يىلى | 〃 | 520 | غوپۇر يۇسۇپ | 〃 | |
| 81 | 1965 - يىلى | 〃 | 522 | سېتىۋالدى سېيىت | 15 | |
| 82 | 1966 - يىلى | 〃 | 515 | 〃 | 〃 | |
| 83 | 1967 - يىلى | 〃 | 518 | 〃 | 〃 | |
| 84 | 1968 - يىلى | 13 | 520 | 〃 | 〃 | |
| 85 | 1969 - يىلى | 14 | 455 | 〃 | 16 | |
| 86 | 1970 - يىلى | 8 | 342 | 〃 | 9 | ياۋلۇق بۆلۈنگەن |
| 87 | 1971 - يىلى | 〃 | 401 | زەيدىن ئەمەت | 10 | |
| 88 | 1972 - يىلى | 10 | 445 | 〃 | 17 | |
| 89 | 1973 - يىلى | 13 | 522 | 〃 | 19 | تولۇقسىز ئىككى سىنىپ |
| 90 | 1974 - يىلى | 12 | 503 | 〃 | 17 | 〃 |
| 91 | 1975 - يىلى | 11 | 489 | 〃 | 〃 | 〃 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 92 | 1976 - يىلى | 12 | 582 | 〃 | 17 | تولۇقسىز ئۈچ سىنىپ |
| 93 | 1977 - يىلى | 〃 | 499 | ئۆمەرجان ھەسەن | 22 | |
| 94 | 1978 - يىلى | 13 | 536 | 〃 | 22 | |
| 95 | 1979 - يىلى | 13 | 510 | قېيۇم ئۇلۇغ | 27 | |
| 96 | 1980 - يىلى | 14 | 534 | ئابلىكىم سابىت، قېيۇم ئۇلۇغ | 34 | تولۇقسىز بەش سىنىپ |
| 97 | 1981 - يىلى | 15 | 518 | قېيۇم ئۇلۇغ | 35 | |
| 98 | 1982 - يىلى | 15 | 499 | 〃 | 42 | |
| 99 | 1983 - يىلى | 16 | 499 | 〃 | 42 | |
| 100 | 1984 - يىلى | 17 | 630 | راخمان يۇسۇپ، قېيۇم ئۇلۇغ | 49 | يەتتە سىنىپ تولۇقسىز مەكتەپ ئايرىلدى |

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: رىزۋان تۇردى

维吾尔教育史概论（维吾尔文）
作者：阿不都拉·塔里甫
责任编辑：马木提·沙比提
责任校对：帕塔木·阿不都热依木

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米　32开本 5印张 3插页
1986年12月第1版　1987年8月第1次印刷
印数：1——6,300

M11098·20　定价：0

AltunOq